سىدىقھاجى روزى

# پوبلىستىكا ۋە لېكسىيىلەر

(3)

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى

سىدىقھاجى روزى ئەسەرلىرى

# پوبلىستىكا ۋە لىكسىيەلەر

## (3)

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: سىدىقھاجى روزى

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەتنىياز بۇلاق

بەتچىك: ئۇيغۇر سەۋداسى

2017-يىلى 4-ئاي

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



**يازغۇچى سىدىقهاجى روزى رەپىقىسى رابىيە خانىم (ئوڭدا)**

**ۋە ئاتاقلىق يازغۇچى مەرھۇم ئوسمانجان ساۋۇت ۋە رەپىقىسى مەرھۇمە نۇرىيە خانىم (سولدا) بىلەن بىللە *1992*-يىلى *4*-ئاينىڭ *23*-كۈنى**



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق رەئىسى بوش بىلەن ***26/06/2006***



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايس خانىم
بىلەن بىللە

THE WHITE HOUSE
WASHINGTON

March 4, 2002

Dear Mr. Rouzi:

Thank you, on behalf of President Bush, for your letter of January 23 concerning the unjust imprisonment of your wife, Rebiya Kadeer, in China.

During his Febuary 21-22 visit to Beijing, the President reiterated to China's leadership that the Administration remains firmly committed to the defense of human rights and democracy in China. Members of the President's party expressed our concern about your wife's plight with Chinese authorities, urging that she be freed immediately. The United States Government in Beijing and Washington has repeatedly urged Chinese authorities to end this injustice, and we will continue to do so until Rebiya Kadeer is free.

Sincerely,

Condoleezza Rice
Assistant to the President
for National Security Affairs

Mr. Sidik Rouzi
619 North Pottenger
Shawnee, Oklahoma 74801

ئاق ساراي (ئامېرىكا ۋاشىنگتون) دىن سىدىقھاجى روزىغا يېزىلغان خەت

(تەرجىمىسى)

ۋاشىنگتون ئاق ساراي

*2002*-يىلى *3*-ئاينىڭ *4*-كۈنى

قەدىرلىك روزى ئەپەندىم:

رەپىقىڭىز رابىيە قادىرنىڭ خىتايدا ناھەق تۈرمىگە سولانغانلىقى توغرىسىدىكى 23-يانۋار يوللىغان تەلەپ خېتىڭىزگە ئامېرىكا پرېزىدېنتى "بۇش" نامىدىن رەھمەت.

پرېزىدېنت *2*-ئاينىڭ *21-22*-كۈنلىرىدىكى زىيارىتىدە جۇڭگونىڭ باشلىقىغا جۇڭگونىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيىسىنى نوقتىلىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ تەلىپىمىزنى پرېزىدېنت ئەزالىرى رەپىقىڭىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قىيىنچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، رەپىقىڭىزنى قويۇپ بېرىشكە قىستىدى. بېيجىڭدىكى ۋە ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ھەقسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى، بىز تاكى رابىيە قادىر ئەركىنلىككە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن

(ئىمزا)

***Condoleezza Rice***

دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى پرېزىدېنت كاتىپى

سىدىق روزى (ئادرېس)

# پوبلېستىكا ۋە لېكسىيلەر

مۇندەرىجە


سىدىقھاجى سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى...1
رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى .......................................... 26
رابىيە قادىر............................................................ 36
رابىيە قادىر............................................................ 36
قىزىم ئەقدەم ...................................................38
ئۇرۇمچى ۋە پېيتىگان.........................................................39
رابىيە قادىر............................................................ 43
ئېپىسكوپ بىللى گېر خانىمنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى.................44
«ئادالەت كېڭىيىشى لازىم»...........................................................47
بېيجىڭ..........................................................................50
جۇڭنەنخەيىنىڭ خىتاي بەگلىرى...........................................53
رابىيە قادىر............................................................ 55
«ۋاشىنگتون پوست گېزىتى»..............................................................55
«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»...........................................................57
«نيويورك ۋاقىت گېزىتى»..................................................................59
ئامېرىكا ئاخىرى مۇش ئاتتى.....................................................61
قوماندا كالتىكىگە بويسۇنمىدىمۇ؟ ....................................... 64
رابىيە قادىر............................................................ 66
سابىق پرېزىدېنت كلىنتون.......................................................66
خەۋەردار كىشىلەر..........................................................................69
پرېزىدېنت بوش ئەپەندى ............................................. 70
«تايمىس گېزىتى»..........................................................................72
نيويورك شەھىرى..............................................................................73
ئوقيادىن چىقىپ كەتكەن ئوق قايتىپ كەلمەيدۇ.............76

زامان قەھرىمانىنى يارىتىدۇ...............................................79
خۇلاسە............................................................................82
«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»......................................................87
ۋەزىيەتكە تەھلىل.................................................................90
ئىشقا ئاشمىغان قالتىس ئىش ..................................93
«ۋاشىنگىتون پوچتىسى گېزىتى»...........................................94
«ۋاشىنگىتون پوچتىسى گېزىتى»...........................................96
«ۋاشىنگىتون پوچتىسى گېزىتى»...........................................98
دەينېل برول .........................................................101
خىتاي دېگەن يەنىلا خىتاي، دە! ..........................................105
خىتاي.............................................................................109
ئامېرىكا............................................................................110
بۇگۇن..............................................................................110
دۆلەت مەجلىسىدە.............................................................114
ۋاشىنگىتون.......................................................................115
رابىيە قادىر........................................................................ 116
جۇڭگو............................................................................117
ئامېرىكا........................................................................    118
لوندون.............................................................................119
جۇڭگو............................................................................120
دالاي لاما.........................................................................123
دۇنيا ئۆزگەرمەكتە..............................................................124
«ئومۇمى كېچىرىم»..............................................................125
جۇڭگو............................................................................127
پرېزىدېنت بوش ئەپەندى.......................................................130
«ۋاشىنگىتون ۋاقىت گېزىتى»................................................134
تىبەت.............................................................................135

روسيه.......................................................136
پرېزىدېنت بوش.............................................138
باش ئەلچى.................................................139
تەيۋەن.......................................................141
ئامېرىكا.....................................................143
دالاي لاما ..................................................145
رابىيە قادىر...............................................146
دالاي لاما .................................................149
ئامېرىكا مۇتەخەسسسلىرى.............................150
پرېزىدېنت بوش............................................152
لى دىڭ خۇي................................................153
ھىندىستان..................................................153
تىبەت.........................................................154
تىبەتكە قىسقىچە نەزەر..................................155
ۋاشىنگتون..................................................160
يېقىندا.......................................................161
قىرغىزىستان...............................................163
تىبەت.........................................................165
ئامېرىكا......................................................167
سەنەتور ۋېلستون.........................................168
جۇڭگو........................................................171
ۋاڭ شىسەي.................................................175
ۋاشىنگتون..................................................177
ۋاشىنگتون..................................................178
ئامېرىكا......................................................180
لورېن كېرەينېر............................................181
رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك...................182

ئامېرىكا.......................................................184
مەنگو.........................................................186
تىبەتلەر جۇڭگولۇق ئەمەس.......................................188
ئەگەر...........................................................189
ۋاشىنگتون.....................................................191
«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»...................................192
دالاي لاما.....................................................193
بېيجىڭ.........................................................194
«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»...................................196
پرېزىدېنت بوش................................................198
ۋاشىنگتون.....................................................198
شىياڭگاڭ.......................................................200
ۋاشىنگتون.....................................................201
رەندى شېرىيۋېر ئەپەندى.........................................202
تەيۋەن.........................................................204
ئامېرىكا.......................................................206
ناتو............................................................209
تىبەت..........................................................210
پرېزىدېنت بوش................................................212
رابىيە قادىر....................................................214
رابىيە قادىر....................................................221
تىبەت..........................................................223
پرېزىدېنت چىن شۈي بىەن.......................................223
پرېزىدېنت چىن شۈي بىەن.......................................224
چىەن چېچىن..................................................226

## سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى

### سىدىقھاجى روزى

يېقىندا" ئازادلىق" تور بېتىگە بىر نەپەر يېگىي كىشى ئىنكاس يېزىپ مېنىڭ يەنى سىدىقھاجى روزىنىڭ سالاھىيىتى نېمە دەپ سوراپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۆۋەندە سالاھىيىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ كىشىگە سۆزلەپ بەر گۇچە ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مېنىڭ سالاھىيىتىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ قويىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورىغان بۇ كىشى، ھازىرغىچە 32 ھەرىپنىمۇ ئۆگەنمىگەن كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىلەلمىدىم. بۇ كىشىگە قانداق سالاھىيەت كېرەك، ئىكىنە؟ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى سالاھىيىتى نېمە ئىكىنە؟! بۇ كىشىنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سوراپ يازغان ئىنكاسىغا تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىككى كەلىمە كەلتۈرۈپ قويدۇم.

1

سىدىقھاجى رۇزى 1944- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاتۇش ناھىيە- ئازاق يېزا -مەيى كەنتىدە قارى قۇرئان، ئىقتىسادى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 1949-يىلى 10- ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەرخىل ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، 1952- يىلىدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەركىبلەرگە ئايرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ جامائە بۇلۇپ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ قارشىلىق كۆرستەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى .ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشت بىلەن ئىشتنىڭ ياكى ئىشت بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

دادىسى رۇزى قاري1952 -يىلى پومېشچىك تەركىبكە ئايرىلدى . ئائىلىۋى مال -بىسات، ئىسكىلات-قازناق، ئېغىلدىكى ئات-ئۇلاقلارنى

مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى .سىدىقھاجى رۇزى كىچىك ئىدى.ئانىسىنى
بىر تەرەپكە، دادىسىنى بىر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ قويىدى زامان
زورىۋانلىرى".قەلەندەرلەر "ئىسكىلاتتىن بۇغداي قاچىلىغان تاغارنى
ژۇدۇپ مېڭىشاتتى، ئېغىلدىن ئات-كالىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى .
مۇسادىرە قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن خىتاي
ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ تاماكا شوراپ چەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇيغۇر
-ئۇيغۇرنى بۇلاۋاتاتتى .دادام قولۇمنى تۇتۇپ ئالغان ئىدى دەيدۇ،
سىدىقھاجى رۇزى -قورقۇشتىنمۇ ياكى غەزەپتىنمۇ دادامنىڭ قولى
تىترەيتتى1952 .-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دادىسى رۇزى قارىغا زومگەر
پومېشچىك قالپىقى كەيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلاندى .1955-يىلى11 -
ئايدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى سىدىقھاجى رۇزى
ئائىلىسىگە دادىسى رۇزى قارىنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى.
سىدىقھاجى رۇزى1961 -يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇش
شەھىرىدە تولۇق پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى9 -ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىردى1966 .-يىلى9 -
ئايدا ئالى مەكتەپنى تاماملىشى كېرەك ئىدى .بىراق،شۇ يىلى5 -ئايدا
خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى .دەسلەپ
قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەكتەپ بويىچە ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى-
ئىسمايىل ئابدۇراخمان، سىدىقھاجى رۇزى ئەكسىيەتچى،مىللەتچى
ئوقۇغۇچىلار دېيىلىپ، تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلىندى .كېيىن تامغا
چاپلانغان" چوڭ خەتلىك گېزىت "نى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن
رەھمەتلىك ئىسمايىل ئابدۇراخمان ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە 6 ئاي
قامالدى .سىدىقھاجى رۇزى مەكتەپتە تۆت يېرىم قەۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار
ياتىقىغا نەزەربەنت قىلىندى .ئىبراھىم سۇلايمان ] قازاق[،ئالىمبېك
]قازاق[، نىزامەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ
سىدىقھاجى روزىنى نازارەت قىلاتتى .تاماقنى ئەكىلىپ بېرەتتى،
تەرەتخانىغا نازارەت ئاستىدا چىقىپ كىرەتتى.

1966-يىلى11 -ئايغا كەلگەندە" ئوقۇغۇچىلارغا زەربە بېرىش"، "ئوقۇغۇچىلارنى تارتىپ چىقىرىش"،" ئەكسىيەتچىل سىياسى يول " دېيىلىپ تەنقىدلىنىپ سىدىقھاجى روزى نەزەربەنتتىن بو شۇتۇلدى . تارتىپ چىقىرىلغان باشقا ئو قۇغۇچىلار ھەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى .

1966-يىلى11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىدا "قىزىل3 - باتالىيون " مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى ئاۋۋال قۇرغان كىشى كىم؟ سىقھاجى روزىنىڭ قازاق ساۋاقدىشى ئالىمبېك ئىدى.[بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئوقۇغۇچىلارغا "4چوڭ ئەركىنلىك" بېرىۋەتكەن، ئوقۇغۇچىلار نېمە تەشكىلات قۇرىمەن دېسە ئەركىن ئىدى]. ساۋاقدىشى ئالىمبېك بىلەن سىدىقھاجى روزى ئوتتۇرىسىدا دېئالوگ مۇنداق باشلاندى :

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سىنىپى كۆرەش بىلەن باشلاندى، شۇنداقمۇ؟

-شۇنداق.

-كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، شۇنداقمۇ؟

- ئەلۋەتتە شۇنداق.

- بۇ ھوقۇقدارلار ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتلەرگە قارشى يول تۇتقان ئىكەن، ئەجبا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار، ماۋزېدوڭ ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن مىللى سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلغانمۇ؟

-بۇ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىكەنغۇ؟

- " ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ"، "مىللى كۆرەش تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپى كۈرەش مەسىلىسى"، دېگەن ئىدىغۇ؟

- راست شۇنداق دېگەن. بۇگۈن بۇ سۆز "ئەڭ ئالى يوليۇرۇق " بولۇپ قالدى.

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا سىنىپى كۈرەشنى تۇتقا قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا مىللى مەسىلىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايوننىڭ سېكرېتار خىتايلىرى چوڭ-چوڭ سىياسەتلەردە خاتالىق سادىر قىلىپ، مىللىي سىياسەتتە پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنمۇ؟
نېمە قىلىمىز، دېمەكچىسەن؟
-قېنى ساۋاقدىشىم ئالىمبېك، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟- مەن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ئوقۇغۇچى ئايرىلدىم. ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلات قۇرالمايمەن، سەن تەشكىلات قۇرۇپ چىق. مەن ئارقاڭدا تۇرۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن دېدىم.
"قىزىل 3-لىيەن" مىللىي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا 1966-يىلى11-ئايدا قۇرۇلۇپ چىقتى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتقا ساۋاقداشلاردىن 9نەپەر كىشى قاتناشتى. 1968-يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى 2مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.ئايتان رەئىس بولدى.
"قىزىل3 -باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى بىر يىل دېگۈدەك ئۇرۇمچىدە ئانسامبىلنىڭ تېمىغا " چوڭ خەتلىك گېزىت "چاپلاپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مىللىي سىياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان "مېنىڭ بايانلاتىم"، ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە" چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ، ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلانغاندا ئۇرۇمچىدە كاتتا غۇلغۇلا باشلاندى .
مەمتىمىن ئىمىنوپ1967 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا " ئىسيان" كۆتۈرۈپ، "قىزىل3 -باتالىيۇن " مىللىي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتىغا كېلىپ كادىرلار ياتىقىدا يالغۇز ياتاقتا يېتىپ قوپاتتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن كېچىسى ھەمرا بولۇپ قوغدايتتى. رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان ماقالىسىدا 1962-يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن، 20مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، خىتاي ھاكىم خەيرۇي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ۋەقەسىنى پاش قىلغان ئىدى.

مۇشۇ يەردە قستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي. 1966-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تىگىشلىك ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ھاكىمىيتى 1967-يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئاساسلىق مائاشىنى 60 يۈەندىن بېكىتىپ مۇئاش تارقاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ چاغدا بىر كىلوگىرام گۆشنىڭ پۇلى 7- 8 تەڭگە ئىدى، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى بىر تەڭگە ياكى ئىككى موچەن، ئاچارچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن چاغلار ئىدى.

مەن بويتاق ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا مېھمان چاقىردىم. ئاپتۇنوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمەتىلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكانتى رەھمە تىلىك زىكرى ئەلپەتتا، يازغۇچى رەھمە تىلىك ئەرشىدىن تاتلىق، تىلشۇناس مىر سۇلتان ئوسمانوپ ( ھازىر ھايات. لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە 7يىل ياتقان، سىياسى مەھبۇس، مىنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مىر سۇلتان ئەپەندى" ئۇيغۇرنامە"نىڭ ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىكەن.) يەنە ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم مىنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.

مۇئاۋىن رەئىس رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ بىر ئوھ تارتىپ :

- -زىكرى، چالساڭچۇ! فېئۇنېر ۋاخلىرىڭدا چالغان ناخشىلارغا ( فېئۇنېر ۋاخلىرىڭ دېگىنى قاپاقنىڭ بوينىغا قىزىل لاتا باغلاپ دۇكانغا ئېسىپ قويۇپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكانلاردا چالغان ناخشا-مۇزىكىلارغا چالساڭچۇ دېگىنى ئىكەن.بۇ بىر خىل ئۆز ئارا قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بولسا كىرەك) چال ! زىكرى ئەلپەتتا رەھمەتلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق چالدىكى، مەمتىمىن ئىمىنوپ كۆزىنى ژۇمدى ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىگە ساقىپ چۈشتى. ھەممىمىز مىشىلداپ كەتتۇق. ئىمىنوپ:

-چال، زىكرى چال! ئۆستەڭ ناخشىلىرىغا چال! چال! ئەرشىدىن تاتلىق رەھمەتلىك بىر مەيدان ئاخىرلاشقىچە يىغلاپ توختىمىدى...

2

"قىزىل 3- باتالىيۇن " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئوقۇغۇچىلىرى، "چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ماقالە يېزىپ ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلاپ تۇراتتى. " بىگىتىۋەننىڭ ئاپشاركىلىرى 80 يۈەندىن پۇل خەجلىگەندە،ئالتايدا قازاقلارنىڭ ئىرىمچىككە قوسۇغى تويمىدى"، " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن- قەيەرگىچە"،" ئۇيغۇرلار كۆچمەنلەرنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ"،"شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق، تاغلىق،چۆللۈك رايون،سۇ مەنبەسى كەمچىل ئارتۇق كۆچمەن قوبۇل قىلالمايدۇ"،"ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونغا ۋاڭ ئېنماۋ سېكرېتار بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر سېكرېتار بولۇشى كېرەكمۇ؟"،،، خىلمۇ خىل پىكىرلەر "چوڭ خەتلىك گېزىت" ئارقىلىق ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئاممىسى بۇ تامنى كىچە- كۈندۈز ئاڭلىق ياكى ستىخىيلىك ھالدا قوغدايتتى، "چوڭ خەتلىك گېزىت" نىڭ ئۈستىگە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قەغەز چاپلىشىغا يول قويۇلمايتى. بۇلۇپمۇ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئاكىمىز تۆمۈر ئەپەندى، ئاپشاركا ئىشتىنى يېتىلەپ كىلىپ. "چوڭ خەتلىك گېزىت"چاپلانغان تامنى قوغدايتتى.[ رەھمەتلىكنىڭ ياتار جايى جەننەت بولسۇن]

سىياسى نەزەرىيىلەرگە ۋە ماركسىزمغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلەن، ماركسنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىلەرنى مىللەتلەر مەسىلىسىگە قانداق تەتبىق قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان سىلىشتۇرما ئۇقۇملۇقلاشقان ماقالىلارنى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن يازغۇچى ئۆمەر غازى(قازاق) قاتارلىق زىيالىيلار يېزىپ بېرەتتى.ئۇقۇغۇچىلار بۇ سەۋىيىلىك يېزىلىدىغان ماقالىلارنى يازالىغۇدەك سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەن.ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈندە ئىككى سائەت بەزىدە 4 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخپى يىغىن ئاچاتتۇق، شۇ ھەپتىلىك قىلىدىغان

ئشلرىمزنى بەلگىلەيتۇق، يىغىنغا رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئوسمانجان ساۋۇت ( يېقىندا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسمىنى ئاشكارە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر... دوستۇممۇ رىياسەتچىلىك قىلاتتى.( بۇكىشى ھازىر ۋەتەندە ئىسمىنى ئاشكارىيالمايمەن) يەنە بىر ساۋاقدىشىممۇ...... (بۇ كىشى ھەم ۋەتەندە ئىسمىنى ئاتىيالمايمەن ) شۇ دەرىجىدە يەنى ئايتان دەرىجىلىك رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇلتاشتەك ئىناق ئىدۇق. بىر - بىرىمىزدىن نام ئاتاق، شان-شەرەپ تالاشمايتۇق، لىدىرلىك، رەئىسلىك تالاشمايتۇق. ئۇ بەشكىرەملىك بۇ قورغاسلىق، ئۇ تارانچى، بۇ قاراقچى، دەپ يۇرتۋازلىق قىلىشمايتۇق.ئەسلىدە يۇرتۋازلىق ئىپتىدايى ئايۋاننىڭ شەرتلىك رېپلېكس ئارقىلىق رول ئوينايدىغان ئىپتدائى قىزغانچۇقلىقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئادەملەردە بولسا تۇغما ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يېلىنجاپ تۇرىدىغان رەشىك ئوتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق رەشىك ئوتى ساۋاتسىز، قارا قورساق، ئىلىم -بىلىمسىز ئادەملەردە تېخىمۇ ئۆتكۈر بولاتتى. لېكىن يەنە بۇ يەردە باشقا بىر ساۋاقدېشىمنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلىيالمايمەن.( بۇ كىشى ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ)

1968-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ياكى بۇ كۈندىن باشقا بىر كۈنى بولسا كېرەك، ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن 5-ئاي ئىكەنلىكىگە سۆز كەتمەيدۇ. 2000 دىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۈنۋېرىستىتىنىڭ ئۇيغۇر -قازاق ئوقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن نامايىش قىلىپ چىقىپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى.(1962 -يىلى يۈز بەرگەن 29-ماي ۋەقەسىنى خاتىرلەش نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى ئىدى.) بۇ كۈنى بۇ جىددى يىغىنغا بىر مىلىيوندىن ئارتۇق ئۈرۈمچى خەلقى، ھەتتا20 مىلىيون ئۇيغۇرستان خەلقى ئارىلاشتى، قاتناشتى دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. (بۇ يىللاردا ئاپتونوم رايون دېگەن يەردە ھۆكۈمەت يوق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆزى3" - باتالىيون "

ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى"غا قارىتىلغان. كىمدۇ بىرسى تور بېتىگە خەتچەك يېزىپ، بىردەم 2000 دەيدۇ، بىر دەم 15000 دەيدۇ، قايسى راست ؟دەپتۇ. ھەممىسى راست. چۈنكى، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن، ئۇيۇشتۇرغان ۋە بۇ نامايىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تۈرمىدە ياتقان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئىش راست ئىش، بۇ تارىخ ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى ياراتقان راست تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈنكى قويمىچى، قورساق باقتىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئەلۋەتتە يالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى نامايىشتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق نەپ پايدا تەگمەيدۇ. شۇ ڭا ئۇلارنىڭ جان بېقىش پەلسەپىسىگە ئاساسلانغاندا "ئىشسىزلار نامايىش قىلىدۇ، ئىشى بارلار نامايىش قىلمايدۇ.)

تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئايتان ئوسمانوپ نوتۇق سۆزلىدى:

"- مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەت تەڭلىكىنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئۇقۇملاشقان مەنىسى نېمە ۋە بۇ نە زەرىيىنىڭ ئىجرائىيەتتىكى ئەمەلىيىتى، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ مەمۇري بىرلىكنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى نېمە؟،،،،، "ئۇ كۈنى ساۋاقدىشىمىز ئايتاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بەك دەبدەبىلىك، بەك جۇشقۇن،مەزمۇنلۇق، بىۋاستە قاراتمىلىقى ئىگە بولغان نوتۇق ئىدى. ئەتراپقا توپلانغان بىر نەچچە مىڭ ئامما قۇلاق بېرىپ ئاڭلاپ تۇراتتى، كۆز يېشى قىلاتتى.ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللىغۇچىلار، ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىدە ماڭغۇچىلار، نامايىشقا ئۇزۇتۇپ قويۇپ مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىچىدە قالغۇچىلار، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى، شۇ قاتاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، "ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش" ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇلۇپ تەخمىنەن 15مىڭ 20مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە "تاماشا" كۆرۈۋاتاتتى ياكى شۇ كۈنكى نامايىشقا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتىراك قىلغان

ئىدى.شۇئار توۋلايتتى، ئارزۇلىرىنى ھەرىكەت ۋە شۇئار ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى. ھەقىقى ئىنقىلاب قانداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا، قورقۇنچاقلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا،يول ياقىلاپ ئەگىشىپ ماڭغانلارمۇ نامايىشچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئاندىن ھەقىقى ئىنقىلاب ئوتتورىغا چىقاتتى.( قانداق قىلىمىز زاماندىشلىرىم،ئۇيغۇر خەلقى ئوقىنىمۇ چالا ئاتىدىغان، نامايىشنىمۇ چالا قىلىدىغان بىر خەلق ئىكەن.)
شۇ كۈنى ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىم ئىتتىپاق تىياترىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبى قوۋۇق ئايلانمىسغىچە نامايىش قىلىپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىتتىپاق تىياترىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن تەشكىللىدى.بۇنداق قىلىش - ھەرىكەت ئارقىلىق جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى.
مەن ئانسامبىلنىڭ ئۇدۇلىدا يەنى يولنىڭ شەرىق تەرىپىدە قىردا ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلدىم. ئايتان بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ساۋاقدىشىم (ئەمەت...) ئالاقىچىلىك قىلاتتى.مېنىڭ قولۇمدا بىر جىڭدەك خام گۆش بار ئىدى، قەيەردىن ئالدىم بىلمەيمەن، ياكى بىرسى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدىمۇ بىلمەيمەن ياكى بىر خىل نىقاپلىنىشمۇ
بىلمەيمەن.نامايىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ بىر ھەرىكەت قىلىپ -گۆش سېتىپ ئېلىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولدۇممۇ بىلمەيمەن. ( كىچىرىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! مەن شۇ چاغدا 22 ياشلىق بالا، نامايىشقا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىممۇ 20- 22 ياشلىق باللار ئىدى.)
ئەمەت... يۈگۈرۈپ كەلدى،- مەركەزدىن جۇئېنلەي تېلېفون قىلىپتۇ...(تېلېفون "ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" ناملىق خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەن)
-نېمە گەپ ئىكەن؟

-ئايتاننىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ تېلېفون ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن.
-ئايتان بارالمايدۇ، نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار. دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ئوسمانجان ساۋۇت تېلېفون ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى. جۈئېنلەي:
-ساۋاقداشلىرىم !ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا،شىنجاڭ ھەربى رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن،-نامايىش قىلىپ سوۋېت رېۋىزونىستلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار! سىلەرگە ئىشىنىمەن،ئۈزۈم ئالدىراش، كاتىبىم گو كاتىپنى تېلېفوننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم، گېپىڭلار بولسا گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار!
 جۈئېنلەينىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان باياناتى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلدى، جىددىيلىك پەسەيدى، (ئەسلىدە جۈئېنلەينىڭ دېگەنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىش ئىدى. باللىق قىلدۇق.) ئوقۇغۇچىلار تارقىلىشقا باشلىدى.(شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكنىڭ ئىچىگە يۇشۇرىۋالغان قوراللىرى بار ئىدى دەپ كېيىن ئاڭلىدىم.لېكىن ئۈزۈم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن) ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرىق تەرەپ قىرغىقىدىكى رېستۇران ۋە پوچتا خانىنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بىر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىپ تۇراتتى بىر تەرەپتىن فىلىمگە ئېلىپ نامايىش مەيدانىغا قارىتىپ قويغان ئىدى...
3
ئو قۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە خىتاينىڭ ھەربى رايونى كىچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتتىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، خىتاي ئو قۇغۇچىلار تەشكىلاتى" ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، مىللى مۇناپىق تۇردى ئابدىرېھىمنى (يەنە بىر ئىسمى تۇردى شىڭلى) ئالدىغا سېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ياتاققا

باستۇرۇپ كىرىپ، مەمتىمىن ئىمىنوپىنى قوغداپ ياتاقتا بىللە ياتقان ساۋاقداشىمىز غوپۇر قادىرنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ،ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپىنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار يەنە نامايىشقا تەييارلانغاندا،"شىنجاڭ "ئۇنىۋېرسىتېتى ئاللىقاچان ھەربى رايوننىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىنغان. ھەربى رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئۆلاتايىپ بىر باتالىيون ئەسكەر باشلاپ كېلىپ،مەكتەپ ئىچىدە ئىشخانا قورۇشقىمۇ ئۇلگۇرگەن. (كېيىن كېسەلگە باھانداپ رەھمەتلىك ئىمىنوپىنى باجىياخۇ تۇرمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئاپتونوم رايونلۇق 2-دوختۇر خانىغا ئېلىپ كىلىپ قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ،1970-يىلى 5-ئاينىڭ29 - كۈنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا تاغ بۇلاق جازا مەيدانىغا دەپنى قىلىنغان. قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ مەمتىمىن ئىمىنوپىنى ئۆلتۇرگەن ئۇيغۇر دوختۇر ھازىر ھايات، شۇ كۈندىن باشلاپ بىر دوختۇر خانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ...... (بۇ ھېكايىلار مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىلاردۇر)

ئوقۇش پۈتتۈرگەن، لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغان ئوقۇغۇچىلارنى 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاي-جايلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.مەن شۇ چاغدىكى ئايالىم بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى 12-ئايدا قېچىش توغرۇلۇق تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ تېلېگراممىنى ماڭا كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن... ھەم ئەسلىيەلمەيمەن.1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى بۆرتالا - ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم. ئاۋۋال ئوبلاستلىق تۇرمىگە كېيىن بىڭتۇەننىڭ تۇرمىسىگە 15كۈن قاماپ قويىدى.2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتىراپىدا ئۈرۈمچى- لىيۇ داۋەن تۇرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى.شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايتان باشلىق 9 نەپەر ئىنقىلابچى ساۋاقدىشىم، بىر نەپەر

قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۆرتالا ئارشاڭ ئارقىلىق قېچىپ ھازىرقى قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتتى.( بۇ ھېكايىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىنىڭ ئىچىدە،بىر قىسمىنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىدىم)
1969-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى دوستۇم ساۋاقدىشىم ئېركى-ئەركىن، (موڭغۇل)، رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئابىت، ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى قازاقىستاندىن ئۇيغۇرىستان ۋەتىنىگە كىرىپ كەلدى. تۇيۇپ قالغان خىتاينىڭ رازۋېت ئورگانلىرى شۇ كۈنى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى پۈتۈن "شىنجاڭ" مىقياسىدا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، ئاختۇرۇشقا، تىنتىشقا باشلىدى. بۇ يىگىتلەرنى مەقسۇس بىر ئاپتۇ بۇسنى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىدە رىمۇنت قىلدۇرىمەن دەپ، باھانە تېپىپ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن شوپۇر ئىسمايىل ئەپەندى، ئاپتۇ بۇسنى يىقىلغان تاشتا توختىتىپ، ئىككى ساۋاقدېشىمنى شەھەرگە ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە سايباغ رايونلۇق ئەدلىيە باشلىقى باقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. تىنتىش، ئاختۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.ھەتتا خىتاينىڭ كاماندوروپكىغا چىققان ھەربىلىرىنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن، ئۈرۈمچىدە پۈتۈن مەكتەپلەر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان.ئىككى نەپەر ساۋاقدېشىم ئىشنى تاماملاپ قېچىپ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇيەردە كـۈتـۈپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىز، بۇ ئىككىسىنى سوۋېتلەر سالغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالكونىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كىرىست شەكىللىك مىخلاپ بولقىنى ئەمدى يو شۇرۇپ تۇرۇشىغا خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرگەن. بالكوندا ئەسكى كىگىزنىڭ ئاستىدا ئىككى كۈن ياتقان بۇ ئەزىمەتلەر،ئۈچۈنچى كۈنى يىقىلغان تاشقا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ قولىغا تا پشۇرۇپ بېرىلگەن.قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە چېگرا رايوندا قوغداشنى كۈچەيتكەن بىگتۇەنىڭ قوراللىق كۈچۈكلىرى ئىككى ئەزىمەتنى بايقاپ قالغاندا، قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇلار ئالىقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپ رايونغا كىرىپ بولغان. خىتايلار ئۆز

تەۋەلكدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارغانىۇ، لېكىن بىتەرەپ رايۇنغا قارىتىپ ئوق چىقىرالىمىغان. ساۋاقدېشىم ئېركى ھەزىل قىلىپ...ئاتە-ئاتە،ئاتىدىغان يەرگە ئاتمامسەن دېگەن. رەھمەتلىك باقى ئەپەندى ئۈرۈمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا، رەھمەتلىك ئىسمايىل ئەپەندىلەر ئالتايدا، 1970 - يىلى 5-ئايدا خىتاينىڭ باستۇرۇشى ئارقىلىق ۋاپات بولغان.

بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان دوستۇم.....ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. دوستۇم ئېركى بۇ ھېكايىنى قانداق سۆزلەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئەھۋاللاشمىدىم.

4

1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئۈرۈمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ،ئاپتۇبۇسقا سېلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ توقسۇننىڭ تۈرمىسىدە، قارا شەھەرنىڭ تۈرمىسىدە، كۇچانىڭ تۈرمىسىدە تۈنىتىپ، قوندۇرۇپ ساقچىلار يالاپ ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەمەت سەلەينىڭ باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. مەمەت سەلەي مېنى ئاپىرىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ نېمە ئىش ؟ مەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئادەمغۇ ؟! مەن، توپ توغرا 3ئاي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە ياتتىم،1977 -يىلى10 -ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ 1978-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى خېنىم رابىيە قادىر بىلەن توي قىلدىم. 1980-يىلى 4-ئايدا ئاقسۇدا رابىيە خېنىم ئىككىمىز تەسادىپ بىر ئەھۋالدا نامايىش تەييارلىدۇق، (يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى زامان كەڭرىپ كەتكەن، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سوت قىلىنىۋاتقان، ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى جياڭ چىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان يىللار ئىدى) نامايىش

تەييارلاشقا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى، يەنى ختاي ساقچى ئۆلتۈرۈۋەتكەن 17 ياشلىق يولۋاس دېگەن يىگىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كىشى ئىدى.... شۇ كۈندىن باشلاپ، 1982-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىغا ئوقۇتقۇچى بۇلۇپ ئۇرۇنلاشقىچە، شاڭخەي، گۇۋاڭجۇ قاتارلىق ختاي شەھەرلىرىدە رابىيە خېنىم بىلەن ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ سودا- تىجارەت قىلدۇق.
1989-يىلى 12ئاينىڭ 25-كۈنى كىچىك قىزىم قەقنۇس تۇغۇلدى. ختاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە قارشى چىققان ئوخشايمىز.تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىرغا 50مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.ماڭا 2مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە دوتسېنتلىقىقا يوللىغان تەرجىمىھال، ماتېرىيالىمنى بىكار قىلىپ ئۈنۋان ئېلىش سالاھىيىتىمنى ئېلىپ تاشلىدى. 1993-يىلى9 -ئايدا توختام بىلەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ رابىيە قادىرنىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان سودا -تىجارىتىگە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇپ ياردەملەشتىم.
1994-يىلى جەمئىيەتتە بىر غۇلغۇلا-" ھەربى رايوننىڭ مۇزىكانتى ۋاڭ لوبىڭ ختاي- ئۇيغۇر- قازاقنىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرىنى مەن ئىجات قىلدىم دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ"، دەيدىغان پىكىرلەر ئېقىپ يۈرەتتى.يەنە بىر فىلىم ئۇيغۇر بىلەن قازاق مىللەتلىرى ئوتتۇرسىغا زىددىيەت سالىدىغان "فىڭ خانىم" ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ختاي يازغۇچىلار ئېكرانغا چىقىرىپ، "قازاقلار تارىختا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان "دەيدىغان سەپسەتىۋى جامائەت پىكرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قازاق زىيالىي قېرىنداشىمىز تەلەۋقان ختاي تىللىق" شىنجاڭ گېزىتى"دە " شىنجاڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس" ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. تۆۋە، ئاتالمىش" شىنجاڭ "، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇرىستان كىمنىڭ زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇر نىڭ زېمىنى بولماي كىمنىڭ زېمىنى

بولشى كېرەك ئىدى، قازاغىم ؟ بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ ۋە خىتاينىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ نېمشقا قازاقنى ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇرنى قازاققا كۈشكۈرتمەكچى بولدىڭىز ؟ زىددىيەت سېلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئەسلى گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئادەت بولغان ئۇسۇل-چارە ئەمەسلىكتە، نەسلى كوممۇنىست ئەسلى خىتايلارغا مىراس قالغان بولمامدۇ؟ كىچىكتۇرۇشكە بولمايتى. شۇڭا مەن، "نەپسىڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ"، " فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشىغا باھا" ماۋزۇلۇق ماقالىلارنى يېزىپ "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى"دە ئېلان قىلىپ يۇقىرقى كىشىلەرنى تەنقىد قىلدىم، خىتاي يازغۇچىلارنىڭ تارىخ قاراشلىرىغا رەددىيە بەردىم. بۇ ماقالىلار ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئويلاپتىمەن،ناخشا -مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ئىدى، خىتاي ۋاڭ لوبىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ، مەن بۇ خىتايىنى تەنقىد قىلدىم...ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ نامايىشقا چىقسا، قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەپ، ئويلاپتىمەن.نەدىكىنى؟ ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ ياكى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز ئادەملىكىمگە باھا بېرەلمەي كەلدىم. مۇستەملىكە مىللەتنىڭ غۇرۇرى مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ چەكتىن ئالقىغان ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، كىشىلەر سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللى غۇرۇرىنى قوغدىشى، نۇمۇس-كۈچىنى ئاقلىشى كېرەكمۇ ياكى جان بېقىشنىڭ كوچىسىدا لاي- پاتقاققا مىلىنىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئاۋۋالقىسى توغرا بولۇپ، كېيىنكىسى خاتا بولسا، مەن" ئەقىللىق "ئادەم ئىدىم، مۇبادا ئاۋۋالقىسى خاتا بولۇپ،كېيىنكىسى توغرا بولسا مەن "دۆت "ئادەم ئىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس يۈرەكلىك. لېكىن " مەن ئەقىللىق" ئادەم بولۇش بىلەن "دۆت " ئادەم بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە قايمۇقۇپ كەلدىم. لېكىن باشقا" ئەقىللىق "ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار "جان بېقىشنىڭ تەگلىمىسى"نى ئىجات قىلىشىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدە يازغان ماقالىلىرىم خىتايغا ئېغىر كەلدى. بۇلۇپمۇ دوستۇم شائىر

ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ " رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىم خىتايغا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى.چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكىلىق ئاپتورى جون گارۋېر ئەپەندى "يالتا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ،"موسكۋا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ تارىخى جەريانىنى 60% ئەتىراپىدا پاش قىلىۋەتكەن. بىز كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.خىتاي بۇنداق بولىشىنى خالارمىدى؟

1995-يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى فىلىڭ داجىن، مەن يېزىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالىلىرىمنىڭ مەزمۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ:" مىللەتچى، شوۋىنىست، تارىخنى بىلەمدىكىن؟"دىدى.شۇ قېتىمقى تەتقىقات يىغىنىدىن خۇلاسە چىقارغاندا،"شىنجاڭ گېزىتى" گە ماقالە يېزىپ فىلىڭ داجىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىماي تۈرۈپ تەنقىد قىلدى.فىلىڭ داجىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات يىغىنىدا مېنى تەنقىدلەشكە باشلىغاندا، شۇ يىغىنغا قاتناشقان ماينۇر قاسىم، ھەتتا ساۋدانوپ ئەپەندىلەر:

ن- نىمە دەيسەن، ناخشا - مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسى، سىقھاجى رۇزى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە تەنقىدچى، ئۇنىڭ تەنقىدلەش ھوقۇقى بارمۇ ياكى سەن ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالدىڭمۇ، دېيىشتى. قارىغاندا ئۇنىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا تۇۋۇقى سىرقىرايدۇ دېگەن ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى «مەن ئىجاد قىلدىم»، مېنىڭ ناخشام دەپ مۇتىھەملىك قىلغان خىتاي ۋاڭ لوبىڭنى ماينۇر قاسىممۇ، ساۋدانوپمۇ ئەيىپلىمەكچى بولغان ئىدى. فىلىڭ داجىن سىگنال بەردى، قولغا ئېلىش... ئۇ «شىنجاڭ» مائارىپ ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ: سىدىقھاجى رۇزىغا سىلەر چېقىلماڭلار، بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز، دىدى. قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟! ئايالىم رابىيە قادىر:

- قاچ، سدىق قاچمساڭ بولمايدۇ، قۇداشلىرىڭ ۋە دوسلىرىڭنىڭ هالى شۇ. بىز ئەمدى دەۋانى چەت ئەلدە قىلىمىز، قاچمساڭ بولمايدۇ.
نەگە ؟
-ئوهوي...!
-نەگە؟
-ئوتتۇرا ئاسىياغا...
- ۋەتىنىم گەرچە مۇستەملىكە بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئايۋان- سارايغا بەرگۇسىزدۇر. ئايۋان- سارايدىن ئايرىلىپ ئېغىلغا قاچامدىم... قاچسام ئامېرىكىغا قاچىمەن...
1996 - يىلى 2 - ئايدا مەركەزدىن ئۇرۇمچىگە «7- نومۇرلۇق هۆججەت» چۈشۈرۈلگەن ئىمىش. 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى شاڭخەيدە روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتناشقان "شاڭخەي هەمكارلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرلەر گېزىتلەرنى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، روسىيە باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ختاي بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە يىغىن ئېچىپ، ختاي مۇستە ملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فلك داجىنىنىڭ سىگنالىمۇ، يەنە باشقا هەممە، هەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. قەيەردە سەن دېموكراتىك دۆلەت ئامېرىكا! قەيەردە سەن، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ 15 دۆلەتكە بۆلۈۋەتكەن دېمۇكراتىك دۇنيا ؟!
1996-يىلى 2-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە قادىر ئەر-ئايال ئىككىمىز،[، ئىككىمىزنى" كۆزىتىپ" بىللە كەلگەن يەنە بىر كىشى بار ]بېيجىڭغا كېلىپ،ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا كىردۇق. پاسپورتىمىزنى رابىيە خېنىم روجەككە ئۇزاتتى. بىر ختاي تەتەي قولىغا ئېلىپ ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىردى.27 ياشلار چامىسىدا ئامېرىكىلىق بىر يىگىت كېلىپ، تەتەينى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ : قارشى ئالىمىز رابىيە قادىر، سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمىز،- بىز سىنى

هامان بىر كۈنى مۇشۇ باش ئەلچىخانىغا كىلىدۇ دەپ،9يىل كۈتتۇق، دىدى........
خىتاي تىلىدا.
1996-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى رابىيە خېنىم ئىككىمىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ياپۇنىيە ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئامېرىكىنىڭ دېترويىت شەھىرىگە قوندى. 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى سىياسى پاناھلىق بېرىلگەن داكومىنت قولۇمغا تەگدى.1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆلەملىك نامايىشى پارتلىدى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بىز ئۇيغۇرلار ۋشىنگتۇندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدۇق.1998-يىلى 11-ئاينىڭ 25- كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۇم. 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە خېنىم ئۈرۈمچىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى... باللىرىم قايسى كۈندە قالدى، مۇشۇ ۋاقىتتا باللىرىمنىڭ ھېسياتىنى كىم چۈشىنەر؟مەن قايسى كۈندە قالدىم، مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھېسياتىمنى كىم چۈشىنەر...؟
سىدىقھاجى رۇزى رابىيە قادىردىن 8يىل ئايرىلدى، كېيىنكى 6يىل ئىچىدە نە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمدى، نە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرمىدى. سىدىقھاجى رۇزى1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈندىن 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە ئۆزى ۋە باللىرى بۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 6 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى،ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىمنىڭ بېسىمى ئارقىلىق،خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، رابىيە قادىر 2005-يىلى 3-ئاينىڭ17-كۈنى ۋا شىنگىتۇنغا يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ۋە سىياسى پائالىيەت سىدىقھاجى روزىنىڭ قولىدىن رابىيە قادىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. سىدىقھاجى رۇزى ئارقا سەپكە چېكىنىپ، رابىيە قادىرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىدىغان كىشىگە ياكى كاتىپقا ئايلاندى.

تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىنىڭ داۋامى

1967-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك،ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان قەشقەردە ئاخۇنوپ تەشكىلاتىغا ۋەكىل بۇلۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، رەھمەتلىك مىجىت باتۇر،قەشقەردىن كىلىپ،«قىزىل 3- باتالىيۇن " تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايتان ۋە باشقىلار............ بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن ئىدى. كۆرۈشۈشكە مەن تەكلىپ قىلىندىم،ئەمما مەن قاتناشمىدىم. كۆرۈشۈش ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتى بىناسىنىڭ 2- قەۋىتىدە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. نېمىشقا قاتناشمىدىم...؟ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمىدى ياكى باشقا بىرسى قاتناشما دېگەنمىدى؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمىدىم. مىجىت باتۇر، ئايتان ۋە باشقىلار بىرلىكتە قۇراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنمىدى...؟ بىلمەيمەن.1969-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى ئاخۇنوپ، مىجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قەشقەردە قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۈرمىدە ئىدىم، شامالداشقا چىققان ئىدىم، رادىئو توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى،- "مىجىت، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قۇراللىق قوزغىلاڭ قەشقەردە باستۇرۇلدى...."، ھەتتەڭگەي! شامالداشقا چىققان ھويلىدا ئىگىشىپ قولۇمغا كېسەك ئېلىپ سېمونت -بېتۇن

تامغا" ياشىسۇن مىللى قەھرىمان مىجىتنىڭ روھى"! دەپ،يازدىم. شوپۇر ئۇستام -جاپپار ئۇستامدىن باشقا، مەن بىلەن شامالداشقا چىققان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. جاپپار ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، خەتنى يېگى بىلەن ئۆچۈرۋېتىپ، - ئۇكام دەردىڭ ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دىدى.

1972-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى قولۇمغا ئىشكەل پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ تۈرمىنىڭ كارىدورىغا ئېلىپ چىقىشتى. نەگە بارىمەن؟ ئويلايتىم. كىچىك ماشىنىغا سېلىشتى،نەگە بارىمەن...؟ ئويلايتىم، لېكىن تېگىگە يىتەلمەيتىم. تىببى ئۇنۋېرستىتىغا ئېلىپ بېرىشتى.قان ئىسكىلاتىغا كەلدۇق،-دېيىشتى. خىيالىمغا قوشۇلۇپ بىر قورقۇنۇچ يىتىپ كەلدى...... مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىشتى...... ئۇزۇن كارىدور... بىر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدۇ... خۇدا دېدىم، خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ ئالدىم، جۈرئەت ئالدىم. بۇ تۇپراق مېنىڭ، بۇ ۋەتەن مىنىڭ دېدىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۈچ ئاتا قىلدىم. ئىچىمدە، قورقۇشتىن بوشاپ كېتىۋاتقان ماجالىمغا تەسەللى بەردىم. يەنە غەيرەتكە كەلدىم . ئوتتۇرا ھالقىسدىن بىلىمگە باغلاپ قويۇلغا ن 10 كىلوگېرامدىن ئېغىر كىشەننىڭ ژىپىنى يېشىۋەتتىم. (قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولاتتى )كىشەننى تاختايلىق پولنىڭ ئۈستىدە سۆرەپ ماڭدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھالقا داننى سول پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىغا ئۇرۇپ ماڭدىم. ( ھالقا دان كىشەننىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇمشۇقى) كىشەن شۇنداق رىتىملىك ئاۋاز چىقاردىكى ئىشخانە -ئىشخانىدىن، كارىدۇرغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرا تەتەيلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتتۈم. قولۇمدىكى ئىشكەلنى يىشىۋىتىپ ئۈستەل ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى.....سول قولۇمنى چىقىرىپ بەردىم....450 گىرام قېنىمنى ئېلىۋالدى... شۇ كېچىسى تۈرمىدە ئانا...!! دەپ يىغلىدىم.ئىككىنچى يىلى باھار يىتىپ كەلگەندە تۈرمىدە چىشىمنى ژۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇشتا ئورنۇمدىن

دەرھال قوپالمايدىغان بۇلۇپ قالدىم....1977-يىلى 7-ئاينىڭ 31 كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدىم. ساقچى يالاپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا قارا پ ئېلىپ ماڭدى. نېمشقا؟ چۈنكى، ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى دىپلۇماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەچكە خىتاي ھۆكۈمىتى،" شىنجاڭ "دېگەن يەردە بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئارقا -ئارقىدىن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر دىتالنى قىستۇرۇپ ئۆتەي:

1977-يىلى 7-ئايدا مەن تۇرمىدىن قويۇپ بېرلگەن كۈنلەردە 44يىل خىتاينىڭ تۇرمىسىدە ياتقان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ۋە سىياسى دائىسى ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم قارا قىلچىڭ تۇرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ،كوچاغا تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قارامايلىق شوپۇر تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەرگىچە يۈك قاچىلاپ، مە قسۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كۇچادىن ئېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ بۇ قېتىم مەھشەتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كۇچادا مەقسۇمنى يوقلاپ كىرگەنلەردىن كىمدۇ، بىرسى: مەقسۇم ئاخىرزامان قاچان كېلىدۇ، دەپ سورىغان ئىكەن. مەقسۇم جاۋاب بېرىپ:

-قاچان كېلەتتى...يېڭىدىن خىتايلار ئۆتۈپ تۇرغاندا... خىتايلار يۇرت-ماكانىڭنى بېسىۋېلىپ سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، بىرگە قوپقاندا ئاخىرزامان، ئاخىر زامان كەلگەن بولىدۇ. بۈگۈن ساڭا ئاخىر زامان بولمىدىمۇ؟دەپتۇ.

مەن،دوستۇم شوپۇر ئابدۇللا سەلەي بىلەن ئابدۇل ئەزىز مەقسۇمنى يوقلاپ،1978-يىلى 7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەقسۇمنىڭ مەھشەتتىكى ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە 20-30 ئادەم مەخسۇمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. غە رىبى تام تەرەپكە بىر ياغاچ كارۋات

قويۇقلۇق ئىكەن، كارۋاتنىڭ شىمال تەرەپ بېشىغا بىر ياستۇق قويۇقلۇق ئىكەن. كارۋاتقا گىلەم، كۆرپە سېلىقلىق ئىكەن. ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، تۈكى ئۆسمەيدىغان بېشى يالاڭباشتاق ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم ئۈچىسىغا ئاق كۆينەك، شىم ئورنىدا ئاق تامبال كەيگەن ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم كارۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ نوتۇق سۆزلەۋاتقان ئىكەن. مەن تۆۋەندە مەقسۇمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى رەھمەتلىكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپپۇزى بويىچە يېزىپ قالدۇرىمەن. بىز ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن سۆز قەيەردىن باشلاندى بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. مەقسۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق نوتۇق سۆزلىدى:

" گېرمان تۈگسە دۇنيادا سانائەت تۈگەيدۇ،

ئىنگلىز تۈگسە دۇنيادا سەياسەت تۈگەيدۇ،

تۈرك تۈگسە دۇنيادا شەجائەت تۈگەيدۇ،

روس بىلەن خىتاي تۈگسە دۇنيادا ئاپەت تۈگەيدۇ"،بۇ نۇتۇق

مەقسۇمنىڭ ۋەسىيتى ۋە ئامانىتى ئىدى. بۈگۈن بۇ يازمام ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تاپشۇردۇم. مەقسۇم ئۇرۇمچىدە زوكام بولۇپ قېلىپ دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، دوختۇر خانىدىن چىققاندا ئېلىشىپ قالدى...80 19-يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە نېفىت قاچىلاپ شەرققە ماڭغان پويىزنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يۇرۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

دوستۇم ئېركى[مۇڭغۇل بۆرتالالىق] ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەركىن ھازىر شۋىتسىيدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ،قازاقىستاندىن كەلگەن.1968 - يىلى 5- ئايدا نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شائىر دولقۇن ياسىننى چېگرادىن قازاقىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەسئۇل بولدى. "شائىر" قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىندى.مەن نېمىشقا دوستۇم ئەركىنگە -مەن چىقىپ كېتەي دېمىدىم ؟" قېچىپ قۇتۇل" دەپ،تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، بورتالاغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم، لېكىن بىر تەرەپكە قېچىش بىر تەرەپكە كېتىش نىيىتىم يوق ئىدى.

هۆرمەتلىك ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! ئۇكىمىز ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد ئەپەندىم، ئا لىمجان ئەپەندىملەرنىڭ ھاۋالىسگە ئەمەل قىلىپ ئۇشبۇ تەرجىمەھالىمنى يېزىپ چىقتىم تۈركىيىگە نەشىر قىلىشقا بەرگەن كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى قىسقىچە يېزىپ بەرگەن. بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق يېزىلدى ئۆمرۈم يار بەرسە بېشىمدىن ئۆتكەن كۆنلەرنى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. يۇقىرقى ئىشلار 1966-يىلدىن 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.ئەسلەش جەريانىدا ئازابلاندىم.قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە ئابىت، ئايتان ئوسمانوپلار بىرسى دوختۇر خانىدا، يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قازاقىستاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى... پاكىتىم يوق لېكىن گۇمان قىلىمەن... يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ھېكايىلەر بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار... ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. چۈشۈپ قالغان، كېمىپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان شۇ دەۋرنىڭ ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 45 يىل... ھازىرلا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم، بايراق كۆتۈرۈپ قاتارغا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە ختايغا قارشى نامايىش قىلغاندەك بولدۇم........

بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئۇكىمىز ئالىمجان ماڭا:

_ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئازادلىققا مۇناسىۋەتلىك بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئىنتايىن كۆپ، ۋەتەننى، مىللەتنى دەپ، تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزدىن خەۋرىمىز بار، يېزىپ قالدۇرۇشىڭىز، بىزگە سۆزلەپ بېرىشىڭىز كىرەك ئىدى، دېگەندە، مەن:

-ئوغۇل بالا ئۆتمۈشتە ئەركەكتەك ئىش قىلغان بولسا، ئەركەكتەك قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ قىلغانلىرى ئاساسىدا يەنە ئەركەكتەك ئىش قىلىدۇ، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىسام بۈگۈن ئويلىسام مېنىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىم، ئالىمجان

ئۈكمىزغا دېگەنلىلىرىم يېڭى دەۋردە ياشاۋاتقان سىيت گاڭگۈڭچە ئاخماقلىق ئىكەن. مەن سۆزلەپ بەرمىسەم مەن يېزىپ بەرمىسەم قىزىق ئىش مىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ؟ مەسىلەن، شۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم، ئاجايىپ ھېكايىلارغا ( 1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى) تولغان بۇ كېچە توغرىسىدا كىمنىڭ خەۋرى بار دەيسىلەر؟ باشقا ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق كېچىلەرغۇ، بۇ. مەن يېزىشىم كېرەك. ۋەتەنداشلىرىم بىلىپ قېلىشى كېرەكقۇ؟

مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى مەن بۆلاي بېشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى، تارتقان كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلىرىمىزغا سېلىشتۇرمايمىز، چۈنكى، ۋەتەن، مىللەت - دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن ياكى ئۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ ياكى مۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت شۇكى، " ۋەتەن، مىللەت " دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن........ ئۆتكەن، بۇ دۇنيادا" ئازاپ - ئۇقۇبەت دەيدىغان نەرسىمۇ يوق" ، " خۇشاللىق ۋە شات- خۇراملىق دەيدىغان نەرسىمۇ يوق. پەقەت ئەھۋالنى، مۇھتىنى بىر -بىرىگە سېلىشتۇرۇشلا بار" ،بىراق ئەقلىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتايلارغا سېلىشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق بىز. لىن بياۋ موڭغۇلىيىنىڭ ۋىندۇرخان ئۆلكىسىدە ئۆلدى، سىياسى ئۆزگىرىش قىلىمەن دېدى قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى ؛ئامما سىدىقھاجى روزى،ئايتان ئوسمانوپ، ئېركى، قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر مەيدان نامايىش تەشكىللەش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن" يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىنى، خىتاينىڭ " مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىغا ئۆزگەرتىشىدە، خىتايغا يېتەرلىك بېسىم پەيدا قىلالىدى. 1987-يىلى رابىيە قادىر 7 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ھۇل تاش، ھۇل تاش ئۇستىگە پىششىق كېسەك قويغاندا،1مىليارد 300مىليۇن

نوپۇسقا ئىگە خىتاي مەملىكىتىدە تېخى بىر خىتاي،توخۇ كاتىگىمۇ سالالمىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 10-20- يىللىرىدا فرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇئېنلەي، دىڭ شىياۋپىڭ، كالىفورنىيە، ياپۇنىيەدە ئوقۇغان ئامېرىكىلىق سۇ نىجۇڭسەن قاتارلىق خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى دېموكراتلىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلسون ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق "ۋىلسون خىتابنامىسى" نى ئېلان قىلىپ،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن چاغلار ئىدى. ھازىر ئوتتاۋادىن-سىدنىغىچە، ۋاشىنگتۇندىن -بېرلىنغىچە،ئوسلودىن - ئامستېردامغىچە، ئالمۇتادىن- توكيوغىچە، ئەنقەرەدىن لوندۇنغىچە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ھەربىر،" ۋەتەن"، دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ نەسەپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، (ئايرىم ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىمالال كۆرۈپ ئالالايسەن!

ئۇيغۇرلار ئۇمۇمىي يۈزلۈك ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە يېتىپ كەلدى مەيلى ئاڭلىقلىرى، ئاڭسىزلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىيلىرى ئوخشاشلا شۇنداق دەۋرگە يىتىپ كەلگەنمۇ، يېتىپ كەلدى!!! ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەن نېمە؟ پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: " ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەنلىك- ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى-ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتىن قۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگىنىمىز،- باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىق بۇ،پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەقىل-پاراسەتنىڭ كەملىكىدىن

ئەمەس بەلكى، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تىگىشلىك غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىرادىنىڭ كەم بولىشىدىن ئىبارەت پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت، ئىنسانىيەت ئۆزى- ئۆزىگە تېگىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتۇر. غەيرەت- شىجائەتىڭلا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ئەقىل-پاراستىڭنى ئىشلەت! مانابۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ شۇئارىدۇر.

2013-يىلى7 -ئاينىڭ22 -كۈنى يېزىلدى.
2014 -يىلى 2-ئاينىڭ12 -كۈنى قايتا تۈزۈتۈلدى. ۋاشىنگتۇن

## رابىيە قادىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى 7

2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈندىن باشلاپ رابىيە قادىر خەلقئارا ئۇيغۇر مىللەت دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كونا- يېڭى رەھبەرلىرى مۇئاۋىن رەئىس سىيىتىم تۆمۈر تۈرك، ئىجرائىيە رەئىس دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان خوجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات، ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى كاتىپى نۇر مەمەت مۇساباي، دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رىسالەت خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئاسىيە خانىم قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

رابىيە قادىر، شەرقى تۈركىستان، خىتاي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خىتاي تىلىدا شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، بىر ئۆلكىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھرىدە 1946-يىلى11 -ئاينىڭ15 - كۈنى دۇنياغا كەلدى.1949-يىلى 10- ئايدا خىتاي قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ

كرىپ، 1962-يىلى ئالتاي شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دادىسى قادىرجان ۋاقىتلىق ئالتايدا قالدى، رابىيە قادىرنىڭ ئانىسى تاجىنىسا باشلىق بىر ئائىلە كىشىلىرىنى جەنۇبى" شىنجاڭ" نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى.رابىيە قادىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تاماملىدى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى داۋاملىق ئوقۇيالماي ئائىلىگە قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىدا مەھەللىۋى تىجارەت قىلىپ، كىچىك باللارنىڭ كىيىم كىچەك، باش كىيىملىرىنى تىكىپ سېتىپ،ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان ختاي ھۆكۈمىتى، قانچە قېتىم رابىيە قادىرنىڭ پۇل -پىچەك،مال - بېساتى، تىكىپ قويغان كىيىم- كېچەكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.
1978-يىلى رابىيە قادىر، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ،1980 -يىلى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋىتىش دەۋرىگە يېتىپ كەلدى. 1987-يىلى ئاۋۋال8 " مارت سودا بازىرى" نى قۇرۇپ چىقىپ نەچچە يۈز لىگەن ئاياللارنى سودا تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا -تىجارەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. رابىيە قادىر،سودا -تىجارەت ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان " شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە 7قەۋەتلىك ئاپارتمان سېلىپ،ئۇيغۇر ئاھالىلارنى يېڭى ئۆي بىلەن ھەقلىق تە مىنلىدى.
1991- يىلى پۈتۈن ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە، ختايدىمۇ سىياسەت بوشاپ، ختايدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا روخسەت قىلىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، رابىيە قادىر ئۈرۈمچى شەھرىدە، " رابىيە قادىر سودا سارىيى" نى سېلىپ پۈتتۈرۈپ، مىڭلارچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە دۇكان ئېچىپ باي بولۇش پۇرستى يارىتىپ بەردى.
ئۇيغۇر خانىم قىزلارنى جەمئىيەتكە يېتەكلەش، پۇل تېپىپ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىپ ئائىلىدە باللارنى

ياخشى تەربىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن رابىيە قادىر،200 دىن ئارتۇق خانىم قىزلارنى تەشكىللەپ1997 -يىلى 12-ئاينىڭ15 -كۈنى "مىڭ ئانا شىركىتى"نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، شىركەت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى مىڭلارچە ئۇيغۇر ئايالىلىرىنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق ئويغىنىشىدىن ۋە تەشكىللىنىۋاتقانلىقىدىن چۆچۈپ 1998-يىلى 2 - ئاينىڭ25 -اكۈنى "مىڭ ئانا " شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىركەتنىڭ بانكىغائامانەت قويغان نەخ پۇلىنىمۇ توڭلاتتى. "مىڭ ئانا شىركىتى" نىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەر قانداق سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلدى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى.ھەتتا توك ئىدارىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىلىرىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ سودا -تىجارەتنى كېڭەيتىشكە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.شەرقى تۈركىستان "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللى كادىرلىرىمۇ رابىيە قادىرغا سىياسەت بويىچە ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.دېمەك، رابىيە قادىر قەدەمدە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىگە دۈچ كەلدى،ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. كىشىلىك ھوقۇقى شۇنداق خورلۇققا دۈچ كېلىۋاتقان رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا چىقىرىۋەتتى. ئۆزى ۋەتەندە قېلىپ گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت بايانلىرنى كېسىپ توپلاپ، پوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىددىقھاجى روزىغا چىقىرىپ تۇردى ۋە ئەۋەتىپ تۇردى.

1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگرىسسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، مېھمانلار چۈشكەن مېھمانخانە ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رابىيە قادىر،خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. رابىيە قادىر

سومكسىغا سېلىۋالغان، " ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت "ماۋزۇلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت يېزىلغان 10ماددىلىق بىر پارچە ماتېرىيال ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.2000 -يىلى3 -ئاينىڭ9 -كۈنى خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.
''ئۇمۇمى كەچۈرۈم ''خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۆلەتلىرى گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، نورۋىگىيە، ئاسىيادا ياپونىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ۋە شۇ دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى.
رابىيە قادىر2005 -يىلى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا3 - ئاينىڭ17 -كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى.
2005-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسلىسى توغرىسىدا تونجى بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.
2005-1 -يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ رابىيە قادىرنىڭ باللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولغاندا، رابىيە قادىرنىڭ روشەنگۈل ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق باللىرىنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار ئابدۇرېھىم 6 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. روشەنگۈل ئابدۇرېھىم3 كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. رابىيە قادىرنىڭ باللىرىنى قولغا ئالغاندا ساقچىلار، رابىيە قادىرنىڭ قىزى روشەنگۈلنىڭ قولىغا تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئانا دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق ۋاشىنگتوندىكى ئانىسى رابىيە قادىرغا ئاڭلاتتى.

2- رابىيە قادىر 2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندا، خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىمغا تۆھمەت بىلەن "باج تاپشۇرمىدى "دەپ،جىنايەت ئارتىپ7 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. مىللى بۆلگۈنچىلىككە قۇتۇرتىپ تور بىتىگە ماقالە يازدى دەپ، جىنايەت ئارتىپ رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا 9يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

3- 2005-يىلى10 - ئاينىڭ5 -كۈندىن25 -كۈنىگىچە، رابىيە قادىر گوللاندىيە، بىلگىيە قاتارلىق 7 ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقنى پاش قىلدي.

4- رابىيە قادىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلات رەھبەرلىكىنىڭ ئاستىغا توپلىدى.

5- ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ -دەۋالىرىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت پىروگىراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى دۇنياۋى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

6- ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋە شەرقى ياۋروپا دا چىخ جۇمھۇرىيىتىگە ئالاھىدە يىتىپ بېرىپ رابىيە قادىر7 يىلدىن بېرى توختىماي دۇنيا بويىلاپ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسنى قىلدى.

7-گېرمانىيە، شۋىتسىيە، شۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە داۋاملىق بېرىپ رابىيە قادىر، شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە

پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا كىرىپ نوۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر نەچچە قېتىم باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يەتكۈزدى.شۇ دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئاڭلاتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ دۆلەتلەردە مەتبۇئاتلاردا يەر ئالدى. تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلدى. دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

8- رابىيە قادىر، ۋەتەن ئىچىدە قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا ھەقىقى ئەخلاقلىق ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

9- رابىيە قادىر، ئىتالىيە كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا، نورۋېگىيە رافتو مۇكاپاتىغا، تۈركىيە مەزلۇملار مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، جەمئىي5 قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10-2009 -يىلى 7-ئاينىڭ5 - كۈنى "شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى نامايىشىنى رابىيە قادىر پىلانلىدى دەپ، ھۆكۈم قىلىپ 500 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سودا سارايىغا قۇلۇپ سالدى.

11- ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىككى نەپەر ئوغلىنى ئادەتتىكى جازا بېرىش تۈرمىسىدىن قاتتىق باشقۇرىدىغان تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى. ھازىرغىچە ئوغلى ئابلىكىم

ئابدۇرېھىم تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى. كىچىكى ئالىم ئابدۇرېھىم كېسىم ۋاقتى توشۇپ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

12 - كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان رابىيە قادىر، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، مال -مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ بالىلىرى ۋەتەندە خىتاينىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، رابىيە قادىر،چەتئەللەردە خىتاي داشقاللىرىنىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرسىمۇ يەنىلا، ئامېرىكا ۋە غەربى ياۋروپا، ئاسىيادا ياپۇنىيە، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىرى دېمۇكراتىك ئەللەر يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىغا تايىنىپ، رابىيە قادىر توختىماي كىشىلىك ھوقۇق پېئالىيىتى قىلىۋاتىدۇ.

13- رابىيە قادىر، ئامېرىكا دېمۇكراتىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئايالالارنى يەنە شۇ ئايالالارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇمۇمى 6 قېتىم دۇنيا بويىچە سىمنارىيىگە تەشكىللەپ، دېمۇكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئايالىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.

14 -رابىيە قادىر قايسى دۆلەتكە بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيتى قىلماقچى بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەكچى بولدى. لېكىن رابىيە قادىر ھەرگىز تەۋرەنمىدى.

15 -رابىيە قادىر، تىبەت، موڭغۇل، خىتاي دېمۇكراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئاچتى.

16 - رابىيە قادىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3 يۈز دوللار، 5 يۈز دوللاردىن ئىئانەقىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئامېرىكىدا فورت ۋاشىنگتۇندا ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللەت كىملىكىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كۆۋۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار

زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتى.ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، دىنى ئېتىقادىنى قوغداشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشى كېرەكلىكىنى، يېڭىلا سېتىپ ئالغان ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى دائىم تەكىتلىدى.

17- رابىيە قادىر،ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خىتاي بىلەن دېئالوگ قۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى.

19- رابىيە قادىر7 يىل جەريانىدا تەخمىنەن 17 قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى دەپسەندە قىلغان ئۇيغۇر كىشىلىك خاتىرىسىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئاشكارىلىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش 2012-يىلى 7-ئاينىڭ 25 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

20- ئەرەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەشۋىقات -مەتبۇئات ۋاستىلىرىدا، ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگراممىنىڭ بېرىدە 2012 -يىلى7 -ئاينىڭ 31-كۈنى ئەتىگەندە قاتارنىڭ" ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيە" قانىلىدا ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم تونۇشتۇرۇلدى. بۇ پىروگراممىنىڭ ۋاقتى 1 سائەتتىن ئارتۇق بولدى. بۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك بىر ئىش بولدى.

21 -رابىيە قادىر خانىم 2012-يىلدىكى "خەلقئارادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500مۇسۇلمان" نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، شۇ سانىنىڭ ئىچىدە 49 - مەرتىۋىگە قويۇلدى. بۇمۇ ھەم ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ئىش بولدى.

22 - ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتى رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم، 2013-يىلى1 -ئاينىڭ 17-كۈنى ئامېرىكىنىڭ" خەلقئارالىق ئەركىنلىك مۇكاپاتى"غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپاتنىڭ بېرىلىشى ئەلىيۇل ئەلالىق ئۇستىگە يەنە بىر قېتىملىق دەنا غەلبە بولدى. جەئى6 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1) رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىنىڭ دادىسى روزى قارى، زومگەر پومشچىك ئايرىلىپ،1952 -11-ئايدىن1955 -يىلى11 -ئايغىچە خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى، بەلكى شۇ ئايدا تۈرمىدىن روزى قارىنىڭ تىرىكى ئەمەس جەسىدى يېنىپ چىقتى.

2)سىدىقھاجى روزى،1968 -يىلى ئۈرۈمچىدە، "خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى"نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ،3 -باتالىيون ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى" مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 1969-يىلى1 -ئاينىڭ 17 -كۈندىن 1977-يىلى 10-ئايغىچە خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە 8يىل 9-ئاي ھەپسىدە ياتتى.

3)رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت ماتېرىياللىرىنى يوللاپ بىرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن مېھمانلار نىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ قولغا ئېلىنىپ، 1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 1-كۈندىن 2005 -يىلى 3 -ئاينىڭ 17 -كۈنىگىچە 5يېرىم يىل خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن، بااجياخۇ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.

4) ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىم 2006-يىلى-11 ئاينىڭ 26-كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن7 يىللىق قاماق جازاسىسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

5)ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئەدلىيىسى تەرىپىدىن تور بېتىگە ماقالە يېزىپ مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇچى جىنايىتى ئارتىلىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھازىر تۈرمىدە ھەپسىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1999 -يىلى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا

ئېلىنىپ3 يىللىق" لاۋجاۋ"غا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
6)ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم2006 -يىلى6 -ئاينىڭ1 - كۈنىدىن12 - ئاينىڭ1 -كۈنىگىچە يېرىم يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.
7)رابىيە قادىر 2013-يىلى4 -ئاينىڭ20 -كۈنىدىن 26 -كۈنىگىچە فىرانسىيىنىڭ فارىژ شەھرىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان، تەسىرى بار، بىلىملىك ئەخلاقلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خەلقئارا قۇرۇلتايغا چاقىرىپ، تۇنجى قېتىم " دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرلىكى"نى قۇرۇپ چىقتى.
سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىر ئائىلىسى ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن سىياسى جىنايەت، ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر ئۈچۈن مىللەتچىلىك قىلىپ، 37يىل خىتاينىڭ قولىدا ھەپسىدە ياتتى.
2013-يىلى 7 ئاينىڭ11 -كۈنى ۋاشىنگتۇن.

**رابىيە قادىر**

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

لوندۇندىن ماڭا جىددى تېلېفون كەلدى (ئومۇمى كېچىرىم – خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى). رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدە سۈرەتكە تارتىلىپ، تۈرمىدىن چىقىرىپ بەرگەن سۈرئىتىنى دەرھال نيورىك شەھىرى «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىگە، خانىمغا ۋە لوندۇن «ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى .

9 – ئاينىڭ 2 – كۈنى زاكاس پوچتا ئارقىلىق لوندۇنغا بىر پارچە، نيورىك شەھىرى خانىمغا بىر پارچە، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن چىقىرىپ بەرگەن سۈرئىتىنى ئەۋەتىپ بەردىم. لوندۇننىڭ خەۋەر قىلىشىچە «ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ 9 – ئاي ئىچىدە رابىيە قادىر توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم ھەرىكەت قوزغاش پىلانى بار ئىكەن.

ھەيرانمەن، تۈرمىدە جىنايەتچىلەرنى سۈرەتكە تارتىدىغان ئىش بارمىدى. بۇ سۈرەت قانداق ئەھۋالدا تارتىلدى؟ قاچان بالىلىرىمنىڭ قولىغا بېرىلدى ۋە بالىلىرىم قاچان ماڭا ئامېرىكىغا يوللاپ بەردى...؟ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇ ئىشتىن قانداق خەۋەر تاپتى ...؟

**رابىيە قادىر**

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 4 – كۈنى

تېلېفون لوندۇندىن كەلدى. 5 – ئاينىڭ 10 – كۈنى خىتاينىڭ 400 كىشىلىك ساقچى قوشۇنى ئۈرۈمچىدە رابىيە قادىر سودا سارىيىغا ۋە مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ تۇرالغۇسىغا ھۇجۇم قىلغاندا؛ بۇزۇۋېتىلگەن تىجارەت مەيدانى، چېقىۋېتىلگەن ئىشىك – دېرىزىلەر سۈرەتكە تاتىلغانمۇ، كامېرىغا ئېلىنغانمۇ؟ دەرھال بىزگە كېرەك، دېدى.

مەن ئۇرۇمچىگە تېلېفون بەردىم... نەخ مەيدان سۈرەتكە، كامېرىغا ئېلىنغان ئىكەن... بالىلىرىم بۇ نەرسىلەرنى ماڭا قانداق يوللار بىلەن چىقىرىپ بېرەلەيدۇ؟ پوچتا ئارقىلىق...؟ ئوهوي! چەت ئەلگە چىقىدىغان تىجارەتچىلەر ئارقىلىق...؟ رابىيە قادىر ئىككىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن جۇرئەتلىك ئۆتەلمەيۋاتقان بۇ ئۇيغۇرلار، يۇقىرىقى نەرسىنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ بېرىشى مۇمكىنمۇ؟
لوندۇن ماڭا ۋەزىپە تاپشۇردى. سىياسى پاناهلىق تىلەپ گېرمانىيە دۆلىتىگە كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى قانچە؟ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى قانچە كىشىگە سىياسى پاناهلىق بەردى؟ قانچە كىشىگە سىياسى پاناهلىق بەرمىدى؟ ئېنقلاپ دەرهال دوكلاد قىلىشىم كېرەك ئىكەن، دېمەك....
مەن 5 – ئايدا ۋاشىنگتونغا بېرىپ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كاتىپلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، تۈركىيە، گېرمانىيە، بىلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، سىياسى پاناهلىق ئالالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە ئاغزاكى دوكلاد قىلغان ئىدىم. مۇشۇ دوكلادىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىنمىدۇ؟ دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلغان تەرەپ ئەسلى ئامېرىكا تەرەپ ئىدى. ئۆزۈم ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بولساممۇ، مېنىڭ ئۇيغۇر سىياسى مۇساپىرلىرى توغرىسىدىكى دوكلادىم ئاۋۋال لوندۇنغا بېرىپ يەنە ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ. تەشكىلىي پرىنسىپ دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟
مەن دەرهال تۇتۇش قىلىپ گېرمانىيىدە سىياسى پاناهلىق ئېلىپ ئېتىقامەت قىلىۋاتقان، هازىر بېرلىنگە يەرلەشكەن ئوت يۈرەك ئۇيغۇر مىللەتچىسى تۇرسۇن تىلىۋالدىغا تېلېفون بەردىم. بۇ يىگىت تۇرسۇن تېلىۋالدى ئەپەندى ماڭا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بەردى .
.... سىياسى پاناهلىق تىلەپ گېرمانىيىگە كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى (بۇنىڭ ئىچىدە ساقچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار ئىدى) 350 نەپەر، بۇلارنىڭ ئىچىدە 150 نەپەر كىشىگە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى سىياسى

پاناھلىق بېرىپتۇ. قالغان 200 نەپەر كىشىگە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى سىياسى پاناھلىق بېرىشنى رەت قىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 20 نەپەر كىشى گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھرىدە ياشايدىكەن سىياسى پاناھلىق ئالالماپتۇ .
ئۇيغۇرلار گېرمانىيىدە سىياسى پاناھلىق ئالغۇچە بىز كوممۇنىست خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەت، ئۇيغۇر دېيىشىدىكەن، سىياسى پاناھلىق ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى بىز تۈرك دەپ، ئاتىشىدىكەن. شۈبھىسىزكى، تۈركىيە دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئاتىلىدىغان بۈگۈنكى كۈنلەردە، گېرمانىيىنىڭ تۈرىكلەرگە سىياسى پاناھلىق بېرىش ۋەزىپىسى يوق، - دە! گېرمانىيىلىكلەر تۈرك دېگەن ئىسمىنى بىلىدۇ، ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم بىلەن تۈرك دېگەن ئىسمىنىڭ نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى بىلمەيدۇ.
شۇ كۈنى كېچىكتۈرمىدى لوندۇنغا دوكلاد قىلدىم. بۈگۈن گېرمانىيىدە سىياسى پاناھلىق ئالالمىغان بىرمۇ كىشى يوق... يېڭى كەلگەنلىرى بولمىسىلا !

**قىزىم ئەقىدەم**

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

قىزىم ئەقىدەم «ئامېرىكا مەملىكەتلىك رادىئو ئىستانسىسى» ئارقىلىق «ئىرقى كەمسىتىش» توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئەلۋەتتە رادىئو ئىستانسىسى قىزىم ئەقىدەمگە سوئال چىقىرىپ بەرگەن .
— خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىرقى كەمسىتىش ۋە ئىرقى ئايرىمچىلىق مۇناسىۋىتى بولماستىن، تاجاۋۇزچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر، - دېدى قىزىم ئەقىدەم، - شۇڭا ئۇيغۇرستاندا ئىرقى مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، مەۋجۇت مەسىلە مىللى مۇستەقىللىق مەسىلىسىدۇر.

ئانسى رابىيە قادىر توغرىسىدا قىزىم ئەقىدەم :
ــ ئانام جىنايەتچى ئەمەس، سودىگەر ئايال، نۇرغۇن كەمبەغەللەرگە غەمخورلۇق قىلغان. ئۆز خەلقىنى سۆيىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ بەختى، ھاياتلىق كاپالىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق تەلەپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئايال؛ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندا، شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئانام رابىيە قادىر، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ مېھمانخانىغا كېتىۋاتقاندا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى ۋە سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
ــ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى ئانام رابىيە قادىر توغرىسىدا ئىككى قېتىم بايانات ئېلان قىلدى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئانام رابىيە قادىر توغرىسىدا ئىككى قېتىم قانۇن لايىھە ماقۇللىدى. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە ئانامنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرمىدى. قىزىم ئەقىدەمنىڭ رادىئو نۇتقى 9 – ئاينىڭ 6 – كۈنى ئوكلوخوما ۋاقتى 1 دە، ۋاشىنگتون ۋاقتى سائەت 2 دە، پۈتۈن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىگە ئاڭلىتىلدى. شۇ كۈنى قىزىم ئەقىدەم ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ بىر نەپەر پروفېسسورىدىن تېلېفون كېلىپ ئەقىدەمنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

## ئۈرۈمچى ۋە پېنتىگان

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

ئۈرۈمچى ...

خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ باجىاخۇ تۈرمىسىدىن ئۈرۈمچىدىكى ئۆيۈمگە باللىرىمغا تېلېفون كەلدى.

باللىرىمىز ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان ئىمىش. قاھار، ئابلىكىم (ئوغلىمىز ئابلىكىم 2001 – يىلى 2 – ئاينىڭ 25 –

كۈنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيداندىن قويۇپ بېرىلگەن) ئالىم قاتارلىق ئوغۇللىرىمىز باجياخۇ تۈرمىسىگە بېرىپ، ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 11 دىن 11 يېرىمغىچە ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشتى. ئانا – بالا ئوتتۇرىسىدا ئەينەك تام، باللىرىم ئانىسى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشتى.

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانجىلىس شەھرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇراسىمىدا تارتىلغان مېنىڭ سۈرئىتىمنى ئوغلۇم قاھار ئەينەككە چاپلاپ تۇرۇپ كۆرسەتكەندە، 7 – ئاينىڭ 28 – كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدە، خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش مەسىلىسىنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويغانلىقىنى ئوغلۇم قاھار بىر يول بىلەن ئانىسى رابىيە قادىرغا يەتكۈزگەندە، مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم رابىيە قادىر ھەيران قاپتۇ .

دۇنيادا ھەيران قالىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. سۆيۈملۈكۈم رابىيە قادىر! گۇناھسىز رابىيە قادىرنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالغاندا، پۈتۈن دۇنيا ھەيرانۇ – ھەس بولۇشقانتى. دېمەك، رابىيە قادىر قولغا ئېلىندى، باشقىلار ھەيران قېلىشتى. لېكىن مېنىڭ خېنىم بۇنى چۈشەنمەيتتى. شۇ رابىيە  خېنىم بۈگۈن ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتتى.

بۇ قېتىم كۆرۈشۈش جەريانىدا ساقچىلار رابىيە قادىرنىڭ ئارتۇق سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى، پەقەت :

— باللىرىم تىنچلىقمۇ، ئامېرىكىدىكى «شىركىتىم» نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى قويالىدى.

بىر نەپەر ئۇيغۇر تىللىق خىتاي سۆھبەت جەريانىنى خاتىرىلەپ تۇردى. ئىككى نەپەر خىتاي ساقچى ئىككى تەرىپىدە ئايلىنىپ يۈردى. بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، ئەتكەن لازا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى قوبۇل قىلىپ، ساقچى خىتايلار ئايالىم رابىيە قادىرغا تاپشۇرۇپ بەردى. مەن بۇ

قېتمقى كۆرۈشۈشنىڭ تەپسىلاتىنى شۇ كۈنى لوندۇنغا ئومۇمى كەچۇرۇم كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا يەتكۈزۈپ بولۇپ، ئەمدىلا تېلېفوننىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشۇمغا، بۇ قېتىم دەھشەتلىك بىر خەۋەر قولۇقۇمنىڭ تۈۋىدە پەيدا بولدى.
... نيورك شەھرىدە دۇنيا سود ا- تىجارەت مەركىزى پارتىلىتىلدى... بەش بۇرجەكلىك بىنا پارتىلىتىلدى... قايسى مەخلۇق پارتلاتتى...؟ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئىككىنچى فرىل خارىبىر... ئىككىنچى قېتىملىق زور ۋەقە... نيورك، بەش بۇرجەكلىك بىنا شۇنداق ھۇجۇمغا ئۇچرىدى.
ئوساما بىن لادىن ئەرەبىستاندا تۇغۇلغان ئىمىش. روسىيە ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئامېرىكىنىڭ ياردىمگە ئېرىشكەن بۇ كىشى، ئافغانىستاندا روسىيىگە قارشى تۇنجى پاي ئوقنى ئاتقان كىشى ئىمىش... چېچەنىيىدە قوراللىق ھەرىكەت باشلىغان كىشى ئىمىش.... كوسوۋۇۋۇ، بوسنىيە قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەردە تۇنجى پاي ئوقنى مۇستەقىللىق ئۇچۇن ئاتقان كىشى ئىمىش... خىتايغا مۇستەملىككە بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇرىستان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتى ئىدىغۇ؟
شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ كىشى ئوساما بىن لادىن ئامېرىكىغا قارشى تېررورىستلىق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى. تانزانىيە، كېنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىنى پارتلاتتى. ئىئوردانىيىدە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي پارىخورنى پارتلاتتى... بۇ كىشى زادى كىم ؟
... ئەمدى ئامېكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ئافغانىستانغا – تېررورىستلارنىڭ قارا ئۇۋىسىغا ھەربىي ھەرىكەت قىلىپ، تېررورىستلارنى يەر شارىدىن تازىلىماقچى بولدى... ھازىرغىچە ئامېرىكا – پېنتىگان 50 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇن سەپەرۋەر قىلدى... پۈتۈن دۇنيا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرماقتا... پاكىستان ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھىندىستان ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى... روسىيە ھەم ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تاجىكىستان ئاۋۋال چېگرانى ئېچىپ بېرىشكە ماقۇل دېدى. كېيىن يېنىۋالدى

ھەددىما! ئىران، ئافغانىستان بىلەن تۇتاشقان چېگرالارنى تاقدى. ئەرەبىستان، ئافغانىستان بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. قېنى دىنى قېرىنداشلىق؟ قېنى دىنداشلىق؟ ئافغانىستان «پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىرلىشەيلى» دېگەن ئەمەسمىدى؟ قېنى بۇ بىرلىشىدىغان مۇسۇلمانلار!

دوستلىرىم! دىنداشلىق، قېرىنداشلىق باشقا نەرسە مەنپەئەت ۋە مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان سىياسەت باشقا نەرسە. دىنداشلىق، قېرىنداشلىق ھېسسىياتى نەرسە، سىياسەت بۇ ئەقلى نەرسە، چۈشىنىپ ئىش قىلايلى دوستلىرىم!

شىمالىي ئاتلانتىك ئۇكيان ئەھدى تەشكىلاتى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيىسى بىرلىشىپ، بۇ قۇدرەتلىك ھەربىي ماشىنا ئاۋۋال ئوتتۇرا شەرق، ئاندىن ياۋرۇپا، بېرلىن مەسىلىسىنى، روسىيىدە كوممۇنىزىمنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى، بالقان يېرىم ئارىلىدا مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش مەسىلىسىنى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ دىپلوماتىك يوللار بىلەن ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، تارىخى ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملاپ ئەمدى، ئاسىيادىكى ئىككىنچى بالقان ئافغانىستانغا كىرمەكچى بولدى...

قۇدرەتلىك ھەربىي ماشىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئافغانىستانغا كىرىشى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خەلقئارادا قايسى دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ؟ خىتاي كوممۇنىزىمغا، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قانداق تەسىر قىلىدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا – ئافغانىستانغا ئەسكەر يۆتكەپ بېرىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى قىياپىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

غەرب دۇنياسىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي ماشىنىسى جۇڭگو چېگراسىغا قىستاپ كەلمەكتە. مۇستەملىككە ئۇيغۇرستان چېگراسىغا قاپساپ كەلمەكتە... تاڭ نۇرى ئۇيغۇرستان ئاسمىنىغا سۇرۇلۇپ كېلىۋاتامدۇ ياكى زۇلمەتنىڭ چېكىدىن ئاشقان قاراڭغۇلۇقى ئۇيغۇرستان ئاسمىنىغا سۇرۇلۇپ كېلىۋاتامدۇ.

**رابىيە قادىر**

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 10 دا، خىتاي قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى، شۇ كۈنى ئاقسۇ كونا شەھىرىدە ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ قانۇنسىز ئۆي ئاقتۇردى. ئۆيگە، باغ – ۋارانغا قارايدىغان ياردەمچى ئابلىكىم ئىبراھىم ـئۈچ تۈرپانلىق)نى تۇتۇپ كەتتى .

ــ 7 – ئاينىڭ 14 – كۈنى توي بولغان كۈنى (ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ تويى بولغان كۈنى) تويغا كىملەر قاتناشتى دەپ، سوئال قويدى .

ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىمنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى قۇربان توختىنىيازنى تۇتۇپ كېتىپ ئىككى سائەت سوراق قىلغاندىن كېيىن ئەتىسى كۈندۈز سائەت 10 دا، ئوغلىمىز ئادىلنى ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىپ :

ــ ئامېرىكىدىن خەت كېلەمدۇ، ئامېرىكىدىن تېلېفون كېلەمدۇ، - سەن ئامېرىكىغا تېلېفون بېرەمسەن؟، دېدى. سوراق قىلدى. كېسەلچان ئوغلىمىز ئادىل :

ــ بۇ سوئاللارنى مەندىن سورىغىچە بىخەتەرلىك نازارىتى ئىدارەڭدىن سورىساڭ بولمامدۇ، - دېدى. جاۋاب جايىدا بېرىلدى.

مەن ئامېرىكىدىن ئۈرۈمچىگە تېلېفون بەرسەم، ئاۋۋال خىتاينىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسى ئاڭلاپ ئاندىن بالىلىرىمغا ئۇلاپ بېرەتتى ياكى مېنىڭ سۆزلىرىمنى بالىلىرىم بىلەن تەڭ ئاڭلايتتى. ئۇنداقتا ئوغلىمىز ئادىل ئابدۇرېھىمدىن – ئامېرىكىدىن تېلېفون كېلەمدۇ، - دەپ سورىغىنى بۇ نېمىسى؟ خىتاينىڭ مۇتىھەملىكى دېسەڭلەرچۇ؟

خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگەرمەكتە، خىتاي ئىمپېرىيىسى ساراسىمگە چۈشمەكتە.

**ئېپىسكوپ بىللى گېر خانىمنىڭ سۆزلىگە نۇتقى**

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 15 – كۈنى

بۈگۈن ھەممىمىز بىرلىكتە يىمىرىلمەس ئېتىقادىمىزنى قايتىدىن تەكتىلەپ تۇرۇپتۇق. ئاللاھ بىزگە كۆڭۈل بۆلمەكتە. بىز قايسى مىللەتكە، قايسى ئىرىققا تەۋە بولمايلۇق ئاللاھ بىزنىڭ غەمگۈزارىمىزدۇر. دىنى ۋە سىياسى ئارقا كۆرۈنىشىمىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ بىزگە كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئىنجىلدا «ئۇ تەسەللىي بەرگۈچى ئاللاھ» دېيىلگەن. بىز ھەرقانداق مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەندە ئاللاھ بىزگە تەسەللىي بېرىدۇ، بىز قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيلۇق، ھەپتىنىڭ 2 – كۈنى چۈشتىن كېيىن ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا، قورقۇنچلۇق، ۋەھىمە، سىلكىنىش، بىزارلىق، ئاغرىنىش، غەزەپلىنىش، ئىچ ئاغرىتىش توغرىسىدا تەسىراتلىرىمىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمىز. 9 – ئاينىڭ 11 – كۈنى بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئۇنتۇلمايدىغان بىر كۈن بولۇپ قالدۇ.

بۈگۈن بىز شەپقەتسىز سۇئىقەستنى پىلانلىغۇچىلارغا، بۇ سۇئىقەستنى ئىجرا قىلغۇچىلارغا بايانات ئېلان قىلىمىزكى، دۆلىتىمىزنىڭ روھى ئۇلار بۇرمىلىغان ياۋۇزلۇققا بويۇن ئەگمەيدۇ. خۇددى پرېزىدېنت بوشنىڭ ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ باياناتىدا تەكتىلەنگەندەك، بۇ كىشىلەر ھامان بىر كۈنى ئادالەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن بۈگۈن بىز بۇ يەرگە ئالاھىدە توپلاندۇق. ئاللاھقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ دۆلەت، دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاللاھنىڭ بىزگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغانتۇق. لېكىن بۈگۈن بىز، ئاللاھقا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدۇق. بىز يېڭى بىر دۈشمەنگە دۇچ كەلدۇق. بىز دەل يېڭىچە بىر ئۇرۇشقا كىرىدىغان بولدۇق. ئىنجىلنىڭ بىزگە ھەمراھ بولۇشىغا ھاجەتمەن بولدۇق. ئىنجىلدا ئېيتىلغان ئاللاھ بىزنىڭ پاناھىمىز، - دېگەن سۆزلەر بىزنىڭ ئۈمىدىمىز،

بىزنىڭ كۈچىمىز. بىز مۈشكۈلاتقا دۇچ كەلگەندە ئاللاھ بىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا بىز ھېچنەرسىدىن قورقمايمىز.
بىز قانداق تەجرىبە ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق؟
ئاۋۋال بىز ياۋۇزلۇقنىڭ سىرلىق ۋە رىئاللىقىنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز لازىم. مەن، ئاللاھ نېمىشقا ئېچىنىشلىق ئوقۇبەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە، مۈشكۈلات، كۈلپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويىدۇ، دېگەن سوئالغا دۇچ كەلدىم. ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بۇنداق سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب، مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئېنىق، ئۇنداق روشەن ئەمەس، بېرىدىغان جاۋابتىن ھەتتا ئۆزۈممۇ قانائەتلەنمەيمەن. مەن ئاللاھنىڭ ھەممىدىن ئەلا نوپۇزغا تايىنىشىم لازىم، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى قوبۇل قىلىشىم لازىم. ئاللاھ بەندىلەرگە مۈشكۈلات ئىچىدە شەپقەت قىلغۇچى، مېھرىبانلىقنى ياغدۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ياۋۇزلۇقنى ياراتمايدۇ، دېيىلگەن. ئاللاھ ياۋۇزلۇقنى بىر خىل سىرلىق، يوشۇرۇن ھالەت دەپ، قارايدۇ. كۆللىھوم شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە ئادەم بەكمۇ قاقۋاش كېلىدۇ. بۇزۇقچىلىقتا چېكىگە يەتكەن بولىدۇ. كىم – كىمنى بىلىپ يېتەلەيدۇ؟ كىمنى، كىم بىلەلەيدۇ. بۇ ھەر بىر ھاياتلىقنىڭ ئاللاھقا ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.
بۇ قېتىمقى ۋەقە ياۋۇزلۇقنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپلا قالماي، ئۆزئارا بىر – بىرىمىزگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنىمۇ بىزگە تونۇتۇپ قويدى. ئۆتكەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە نيورىك شەھىرى، ۋاشىنگتون شەھىرى پۈتۈن دۇنياغا ئۈلگە بولدى. ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرنىڭ، ساقچىلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقنى، ئىپادىسىنى ھەرقانداق كىشى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەگە دۇچ كەلگەندە، ئەسلىدە دۆلەت چاك – چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتەتتى. لېكىن بۇ ۋەقە بىزنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر ئائىلىگە ئايلاندۇردى. بىزنى پارچىلىماقچى بولغان سۇئىقەستچىلەر ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشتى. بىز ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپرەك ئىتتىپاقلاشتۇق. ھازىر كۆرۈپ يېتەلمىسەكمۇ ئاخىر بۇ ۋەقە بىزگە

ئۈمىدنىڭ ئۇچۇرىنى – ئالدىمىزدىكى ئۈمىدنىڭ، كەلگۈسىگە باغلانغان ئۈمىدنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ كېلىدۇ.
شۇنداق بۈگۈن بۇ يەر ئۈمىدكە تولۇپ تاشتى. مەن، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە يېڭى بىر روھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىشىنىمەن... ئامېرىكا روھىنى كۆتۈرۈشى كېرەك، ئىلاھنىڭ ساداسى بىزگە، داۋاملىق ئۆكۈنۈڭلار، پۇشايمان قىلىڭلار، - دەپ تەلىم بېرىدۇ. بىز ئاللاھقا ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئىلاھ بىزگە يېڭى ئۇسۇل بويىچە  بەخت – سائادەت ئاتا قىلىدۇ.
كەلگۈسى ھەم ئۈمىدكە تولۇپ تاشتى. چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئىدى. مەن خىرىستىيان مۇرىدى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ دۇنياغىلا ئەمەس ھەم كەلگۈسى ئاخىرەتكە ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە ياشايمەن. مۇشۇ ھەپتە قازا قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر ئاللىقاچان جەننەتكە كىردى، قايتىپ كېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ ئىنتايىن بۈيۈك شان – شەرەپ، ئاجايىپ شان – شەرەپتۇر. بۇ بىزنىڭ، ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ شان – شەرىپىدۇر. مەن كىشىلەرنىڭ شۇنداق ئۈمىدلىك ياشىشىنى تەلەپ قىلىمەن.
بۇ ۋەقە بىزگە قىسقا ئۆمۈرنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. قايسى ۋاقىتتا ئەبەدىي ھاياتقا قايتىدىغانلىقىمىزنى بەندىلەر بىلەلمەيمىز. ھەپتىنىڭ 2 – كۈنى ئايروپىلانغا چىققان كىشىلەر، سودا مەركىزىگە خىزمەتكە چىققان كىشىلەر بۇ كۈننىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى كۈن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەنمىدى؟ ئۇلار بىلىپ يېتەلىگەن ئەمەس. شۇڭا ھەممىمىز قەلب ئېھتىياجىغا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەقلى – ئىرادىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. كىرىست بەلگىلىك چېركودا ئولتۇرۇپتىمىز. ئاللاھ بىزنىڭ ئازابلىرىمىزنى، ياۋۇزلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ بەندىلەرنى

سۆيمەن دەپ، ۋەدە بەرەەن. مۇشكۇلاتقا، ئازابقا دۇچ كەلدىڭلار، لېكىن مەن يەنىلا سىلەرنى سۆيىمەن دېگەن.
بىز ھازىر بىر تاللاشقا دۇچ كەلدۇق. بارلىق مىللى دۆلەتلەر كەيپىيات ۋە روھى جەھەتتە پارچىلىنىپ كېتىش كېرەكمۇ ياكى ئەسلىدىكى ئاساسلار ئاساسىدا تېخىمۇ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇشى كېرەكمۇ؟ مەن شۇ ئاساسلارغا تايىنىپ دۆلەتنى قايتا قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. بۇ ئاساس بىزنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىمىزدۇر. بۇ دېمەك بىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىدۇر. ئاللاھ بىزنى مېھرىبانلىقى بىلەن قۇچاقلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئاللاھقا ئىشەنسەكلا ئاللاھ بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. بىز ئاللاھنىڭ پرېزىدېنتىمىزغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئەقىل – پاراسەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئاللاھ بىزگە بەختلىك كۈنلەرنى ئاتا قىلسۇن...! ئامىن !

### «ئادالەت كېڭىيىشى لازىم»

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 22 – كۈنى

بۇ جۇملە پرېزىدېنت بۇشنىڭ 20 – كۈنى كەچتە سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ ماۋزۇسى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا 9 – ئاينىڭ 11 – كۈندىن كېيىن، تاقىتى – تاق بولغان ئامېرىكا خەلقىگە ئىلھام بەرگەن نۇتۇق بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم سۆزلەنگەن نۇتۇق، پرېزىدېنت بوش ئاقسارايغا كىرگەن سەككىز ئايدىن بېرى ئەڭ چىرايلىق سۆزلەنگەن نۇتۇق بولۇپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر: دەبدەبىلىككە تەكەللۇپ ئارىلاشقان، ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىش بىلەن سۆزلەنگەن بۇ نۇتۇق 1941 – يىلى 12 – ئاينىڭ 7 – كۈنى فرىل خارىبېر پورتى ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش مۇراسىمىدا مەرھۇم پرېزىدېنت روزۋېلتنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بىلەن ئوخشاش بولدى، دېيىشتى.
ئامېرىكا سەۋەپسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان گۇناھسىز پۇقرالار دەھشەتلىك پارتلاشقا دۇچ كەلگەن، ئەركىنلىكنىڭ ۋە ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ

بخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ داھىسى بولغان پرېزىدېنت بوش كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۇقرالارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تېررورىستلارنى تازىلاش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، تىراگېدىيىنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىغا كاپالەت بېرىش جەھەتتە نۇتۇقنىڭ كەسكىن ئىبارىلىرى ئارقىلىق مەخسەدكە يەتتى. نۇتۇق ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى. كۆپچىلىك ئامېرىكىلىقلار بولۇپمۇ، نيويورك ۋە ۋاشىنگتوندا قازا تاپقان كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەيدانىغا قوشۇلدى. ئەسكىرى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ قاتىللارنى باستۇرمىغىچە توختىمايمىز، دېيىشتى.
پرېزىدېنت بوش تېخى ئۇرۇش ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپلىرى كونكرېت بولدى، پرېزىدېنت بوش ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىست ئوساما بىن لادىننى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنى دەرھال تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋە ئەل قائىدە تەشكىلاتىنىڭ بازىلىرىنى تاقاشنى تەلەپ قىلدى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى، ئوساما بىن لادىننىڭ چېگرادىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە، ۋاقىت كېرەك دەپ، باھانە كۆرسەتتى. بىراق، پرېزىدېنت بوش ئارقىغا تارتىش ھېلىسىنى كەسكىن رەت قىلدى. قاتىللار جازاغا ئۇچرىشى كېرەك، تېررورىستلارنىڭ قارا ئۇۋىسى پاچاقلىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى .
بىرنەچچە كۈندىن بېرى ۋاشىنگتوندا گېنىراللار، ئەسكەرلەر سەپكە تىزىلىشقا باشلىدى، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى. گېنىراللار ئامېرىكىنىڭ قارارىنى ئافغانىستان خاتا چۈشەنمەسلىكى كېرەك، دېيىشتى.
9 – ئاينىڭ 11 – كۈنى ئامېرىكىدا ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق، مۈشكۈل بىر كۈن بولدى. پۈتۈن دۇنيا ماتەم تۇتتى. خۇددى پرېزىدېنت بوش ئېيتقاندەك: «مەدەنىيەتلىك دۇنيا ئامېرىكىنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشمايدىكەن، شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، تېررورىستلار

جازالانمايدىكەن، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى، خەلقى تېررورىستلارنىڭ كېلەر قېتىملىق نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ...»، «دۇنيا شۇنداق ھېس قىلدى، ئوساما بىن لادىن مەدەنىيەتلىك دۇنيانى ئۆزگىچە دۈشمەن تۇتتى. ئەركىنلىك، ئادىمگەرچىلىكنى ئۆزگىچە دۈشمەن تۇتتى، ھەرقانداق ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلات ئوساما بىن لادىنغا ياردەم بېرىدىكەن ياكى ئۇنى قانات ئاستىغا ئالىدىكەن، ئوخشاشلا ئەيىپلەشكە، جازالاشقا ئۇچرايدۇ» دېدى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى.
21 – ئەسىردە باشلانغان بىر مەيدان ئۇرۇش، «چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ» دېگەندەك، ھېچقانداق كۈچ تەسىرى يوق تېررورىستلار ئامېرىكىدەك بىر دۆلەتكە ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش بولدى. بۇ ئەلۋەتتە تېررورىستلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىدى. تېررورىستلارنىڭ رەزىل ۋاستىلىرى ۋە ئاساسلانغان نەزەرىيىلىرى ئەرەب تېررورىستلارنىڭ ياۋۇز تەبىئەتلىك مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى دۇنيا ئالدىدا ئىسپاتلاپ بەردى. تېررورىستلار قانداق مۇقەددەس سۆز ئىبارىلەرگە تايانمىسۇن، سەۋەپسىز، نىشانسىز، گۇناھسىز پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت قارانىيەت ياۋۇزلۇقنى ھەرقانداق ئىنساننىڭ تەبىئىتى قوبۇل قىلالمايتتى.
9 – ئاينىڭ 11 – كۈندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە بەزى بەختسىزلىكلەر يۈز بەردى. ئايرىم كىشىلەر ئۆچمەنلىكنىڭ تىغ ئۇچىنى ئەرەبلەرگە، ئىسلام مۇرتلىرىغا قاراتتى. ئۇلار تېررورىست ئوساما بىن لادىننىڭ كاساپىتىدىن بەختسىزلىككە دۇچار بولدى. دەل شۇنداق پەيتتە پرېزىدېنت بوش ئەپەندى: «ئاز ساندىكى خوردارلارنىڭ كاساپىتىدىن گۇناھسىزلارنى خورلىماڭلار، ئۇلارنى رەنجىتمەڭلار» دېدى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى چاقىرىق قىلىپ: «ئەرەبلەر بىزنىڭ دوستىمىز، ھەقىقى مۇسۇلمانلار تىنچلىقنى سۆيىدۇ، ئامېرىكا كۆپ مەنبەئەلىك جەمئىيەتنى ساقلاپ قېلىشى، كەڭ قورساق بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا بۇلار ئامېرىكىنىڭ ھەقىقى كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتتى .

دېموكراتىك جەمئىيەتتە ھەرقانداقا بىر زور ۋەقە ئوتتۇرىغا چىققان ھامان ئوخشاش بولمىغان ئىنكاس، ئوخشاش بولمىغان پىكىر قوزغىمايدۇ. دەل پرېزىدېنت بوش ئەپەندى نۇتۇق سۆزلەۋاتقان پەيتتە، ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ سەينالىرىدا تىنچلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ قورال ئىشلەتمىدى، بۇ ۋەقەنى ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا چاقىرىق قىلدى. ئەسكەر چىقىرىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ھازىرقى مەسىلە دۈشمەن ئۇرۇش بىلەن بوسۇغىغا كېلىپ بولدىغۇ؟ دېگەن مەسىلە ئىدى.

90 – يىللاردىن تاكى ھازىرغىچە دۇنيادا تېررورىزىملىق ھەرىكەتلەر بىر – بىرىگە ئۇلۇنۇپ ئەمدى بۈگۈن نيورىك شەھىرى، ۋاشىنگتون شەھىرى تېررورىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەگەر ئامېرىكا ۋاقتىدا ئۇرۇش بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدىغان بولسا، ئوخشاش تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئاخىرى ھەرگىز ئۈزۈلمەيدۇ ، تىنچلىق يول قويۇش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. شۇڭغا مۇناسىپ ھالدا پرېزىدېنت بوش، ئەركىنلىك بىلەن تېررورىزىم، ئادالەت بىلەن زوراۋانلىق ئىزچىل ئۇرۇش قىلىپ كەلمەكتە. بىز ئىشىنىمىزكى، ئاللاھ، ياۋۇزلۇق بىلەن ئاقلانىلىق ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ تۇرالمايدۇ، ئۆزىنى ۋەقەلەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، بىتەرەپ تۇرىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى .

**بېيجىڭ ...**

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

«ئافغانىستان نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن ئۇرۇش بېسىمىغا بېيجىڭ ئىنتايىن قاتتىق دىققەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى .تەيۋەن ئاگېنتلىقى : چۈنكى، ئافغانىستان بىلەن خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ دۆلەت چېگراسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 كىلومېتىر بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىگە تۇتىشاتتى. فرانسىيىنىڭ «ئازادلىق گېزىتى» بۈگۈن «بېيجىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ كۆردى، ئىچ – ئىچىدىن خوش بولۇپ كەتتى، چۈنكى،

ئامېرىكا تەشەببۇس قىلغان تېررورىزىمغا قارشى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدا، بېيجىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە پايدا – مەنپەئەتكە ئېرىشتى» دەپ، يازدى.
«دۇنيا گېزىتى»، «11 – سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ يېڭى دۈشمىنى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنداق ۋاقىتتا بېيجىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ئومۇمى ئىستراتېگىيىسىدە (بېيجىڭ تەھدىتى) ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ھەتتا بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلدى دەپ قارىدى» دەپ، يازدى.
ئوخشاشلا بېيجىڭ ئامېرىكىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوللىشىنى ئويلىغاندا ئۆز مەنپەئەتىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتتى. پرېزىدېنت بوش ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتۇننىڭ مۇناسىۋىتى ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولسىمۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېيجىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولدى. بىراق، شەرت شۇكى، بېيجىڭ، جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلىك ئورنىنى ۋاشىنگتۇننىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە، تىبەت، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى بويىچە بىرقەدەر چۈشىنىش پوزىتسىيىسى قوللىنىپ ئىپادە بىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى.
يېڭى ۋەزىيەتتە بېيجىڭ تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ چېكى بولۇشى لازىم، دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى، بېيجىڭ تېررورىستلارغا زەربە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو «ئامېرىكا، ئافغانىستانغا ئەسكەر چىقارغاندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتىشى كېرەك، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ نورمال سىزىقىدىن ھالقىپ كېتىشىنى چەكلەش كېرەك» دېيىدىغان چوڭ سىزىق توختىمايدىغان سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ باھا بېرىشىگە قارىغاندا «جۇڭگو چوڭقۇر ئويلاپ بىر قارارغا كەلگەنمىش، ئىنتايىن مول نېفىت بايلىقىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇڭگونى ئۆزىگە تارتىپ، جۇڭگو رەھبەرلىرىدە غەرەز پەيدا بولغان ئىمىش. شۇڭا جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيانى ئاللىقاچان جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرگۈزگەن ئىمىش. ئېنىرگىيە مەسىلىسىنى ئويلىنىشتىن باشقا، جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا «بىزنىڭ كېڭىيىش پاسلىمىز» دەپ قارىغۇدەكمىش، <ئوھوي ! خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاننى سەكرەش تاختىسىغا ئايلاندۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەكرەيدىكەندە! >

1996 – يىلى 3 – ئايدا بېيجىڭ، تەيۋەن بوغۇزىغا سىناق راكېتاسى قويۇپ بېرىپ، تەيۋەن بوغۇزى كرىزىسىنى پەيدا قىلغاندا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «7 – ئىسكادىرونى» نى تەيۋەن بوغۇزىغا ئەۋەتىپ ئارىلاشقاندا، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياغا تېرەپ، روسىيە، قازاق، قىرغىزلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كېلىشىم ئىمزالاپ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قۇرۇپ ئورتا ئاسىيانى ھەم ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلاندۇرغان ھەم تەيۋەن بوغۇزىدا كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرسە، ئارقا سەپ ئۇيغۇرىستاندا، ئىنقىلاب يالقۇنى تۇتۇشۇپ كېتىدۇ دەپ، ئەنسىرەپ، رۇس، قىرغىز، ئۆزبېكلەردىن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىگەن ئىدى.

خەلقئارا تېرورىستلىق ھەرىكەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچى باروۋسكى: «بېيجىڭ پاكىستانلىق جاسۇسلارنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىپ ئىشقا سېلىپ، جۇڭگو ئۈچۈن (دوست جاسۇسلارنى تەربىيىلەپ) يېتىشتۈرمەكتە. بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئاجىز مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىپ، ئارقا سەپنى كۈچلەندۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدىغان تۇۋرۇككە ئايلاندۇرۇپ، زۇرۇر تېپىلغاندا روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قارشىلىشىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تۇنجۇقتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى .

**جۇڭنەنخەينىڭ خىتاي بەگلىرى**

2001 – يىلى 9 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

تاشقى ئىشلار بىر تەرەپ قىلغاندا جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى ئەزەلدىن سىياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلىپ كەلدى. بۇ ئارقىلىق قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش، ئامېرىكىدىن ھالقىپ كېتىشنىلا ئويلىدى. ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا بىر كەنتتە ياشايدىغانلىقىنى شۇڭا، ئىناقلىق، قوشنىدارچىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆزئارا مېھرىبانلىق، بىر – بىرىگە ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويمىدى.

خىتاي رەھبەرلىرى بىر تەرەپتىن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش، ئامېرىكىغا ئۆچمەنلىك قىلىش تەشۋىقاتى ئارقىلىق جۇڭگو پۇقرالىرىنى ئالداپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكىغا خوشامەت قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخنىكىسىغا ۋە بازىرىغا ئىگە بولۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. خىتاينىڭ بۇ خىل ئاشكارە ھىيلىگەرلىكى ناھايىتى ئېغىر زىددىيەت پەيدا قىلدى. خىتاينىڭ «11 – سىنتەبىر» ۋەقەسىگە تۇتقان مۇئامىلىسى بۇ زىددىيەتنى – ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

«11 – سىنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنى جياڭزېمىن پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىگە تېلېفون بېرىپ: «قۇربان بولغان گۇناھسىز بەندىلەرگە ماتەم تۇتىمەن» دېدى. گويا ئارتۇقچە ھېسداشلىق قىلىشنى خالىمىدى ياكى ئارتۇقچە ھېسداشلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلمىدى. خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورۇنلىرى يۈزەكى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «ئامېرىكا ئۆچمەنلىكى»نى تەشۋىق قىلىشقا چەك قويغان بولسىمۇ، ئەمما، «خەلق گېزىتى» تور بېتىدە ئامېرىكىغا قارشى تەھرىر ماقالىسى ئېلان قىلدى. بۇ خىل زىددىيەتلىك ھادىسىلار جۇڭنەنخەي بەگلىرىنىڭ سىياسى كەيپىياتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

تېررورىستلارنى ئۈزۈل – كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا، دۆلەتلەر ئارا تېررورىزىمغا قارشى ئىتتىپاقلىشىشنى تەكىتلەۋاتقاندا، روسىيە تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇشنى شەرتسىز قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئەينى چاغدا كىرىملى ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇقلۇق، ھاۋا تەۋەلىرىنى ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيىسىگە ئېچىپ بەرگەندە، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەربىي بازا قۇرۇشىنى قارشى ئالغان بىرلا روسىيە بولدى. ئىران بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن سەپراسى ئۆرلىگەن جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى، جۇڭگونىڭ غەربىي تەرەپ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستان چېگراسىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدا دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىللىنىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدى، ئەندىشە قىلدى، تىپچەكلىدى، «ھەيىيا ۋادى مايا» دېدى. ئاقمايدىغان پىكىر «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ روخستىنى ئېلىش كېرەك» دەيدىغان پىكىرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلالامتى؟ ھازىر ئەمدى بۇ ئۇرۇشقا ئامېرىكا رەھبە4رلىك قىلىدۇ، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى پەقەت ئامېرىكىنى قوللايدۇ .

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق گېزىتى «          » «جۇڭگونىڭ توسقۇنلۇقى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ: «جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر جۇڭگو تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشمايدىكەن، ئەڭ ئاخىر زىيان تارتىدىغان دۆلەت جۇڭگو بولۇپ قالىدۇ، پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خەلقئارا دائىرىدە گېئوپولىتىكىلىق تەسىر دائىر قايتىدىن ئايرىلىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يېڭى تەرتىپى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى .

**رابىيە قادىر**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

مېنىڭ رابىيە خېنىمنى غەرب ئەللىرىدە تەشۋىق قىلىش پەقەت 18 كۈنلا توختاپ قالدى.

10 – ئاينىڭ 3 – كۈنى «كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېيكى خانىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق لوندۇن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خىتاي تىلىنى ياخشى سۆزلەيدىغان بىر مۇخبىرى مەنكى پېقىر سىدىقھاجى روزىنى زىيارەت قىلدى:

— ھازىرقى دۇنياۋى سىياسى ۋەقەلەر رابىيە قادىرنىڭ خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇشىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە تەسىر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

— ياق! مۇخبىر ئەپەندىم. مەن ئامېرىكا خەلقىگە، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىمەن، رابىيە قادىرنى، ئۇيغۇرلارنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ.

**«ۋاشىنگتون پوست گېزىتى»**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

«نيويورك ۋاقىت گېزىتى» 2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 5 – كۈنى: «ئىسلامى گۇرۇپپىلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ياشايدىغان «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە، جۇڭگو دائىرىلىرى باستۇرۇشنى يولغا قويدى. ئەگەر جۇڭگو ئون يىل بۇرۇنقى سابىق سوۋېتلەر پارچىلىنىشىنىڭ كاتتىغا چۈشۈپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇيغۇرىستان بىرىنچى بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىدىغان ئۆلكە بولۇپ قالىدۇ». <«مۇستەملىكىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى» ماۋزۇلۇق كىتابنىڭ 123 – بېتىگە قارالسۇن> دەپ، ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن

كېيىن، «ۋاشىنگتون پوست گېزىتى»نىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى جون فامغرېت     ئەپەندىم، بېيجىڭدىن تېلېفون بېرىپ مېنى تېلېفون زىيارىتىگە تەكلىپ قىلدى. ئىككىمىز رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتى، رابىيە قادى قولغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى، رابىيە قادىرنىڭ سودا – تىجارەت ئەھۋالى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياسىتى، سىدىقھاجى روزىنىڭ ۋەتەندە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، سىياسى پاناھلىق ئېلىش ئۈچۈن نېمىشقا ئامېرىكىنى تاللىۋالغانلىقى، يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قېتىم دۆلەت قۇرغانلىقى ئۇ دۆلەتلەرنىڭ تارىختىن قانداق غايىپ بولغانلىقى توغرىسىدا ئىككى سائەت خىتاي تىلى ئارقىلىق سۆزلەشتۇق.

.... پەقەت ئۇيغۇرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا دۆلەت قۇرغانلىقى توغرىسىدا بەرگەن جاۋابىمنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي.

مۇخبىر ئەپەندىم: ئۇيغۇرلار قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق 1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇردى. 1934 – يىلى ستالىن قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ بۇ دۆلەتنى باستۇردى. ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمان ئوغلى ئابدۇنىياز قوراللىق ئۇيغۇر پىدائىيلارنى باشلاپ قۇرۇلغان دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاكى 1937 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەم ستالىننىڭ ئەسكەرلىرىگە ھەم خىتاي مىلىتارىستلىرىنىڭ ئارمىيىسىگە قارشى قانلىق جەڭ قىلدى. لېكىن ئاخىر كۈچى يەتمەي مەغلۇپ بولدى.

ئۇيغۇرلار 1944 – يىلى قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى» قۇردى. ئاۋۇلىدە ستالىن ياردەم قىلدى. كېيىن 1945 – يىلى 2 – ئاينىڭ 11 – كۈنى چاقىرىلغان «يالتا يىغىنى»دا، 1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى موسكۋادا چاقىرىلغان، جۇڭگو – سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ شەرتنامە ئىمزالاش يىغىنىدا «جۇڭگو – سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى»

ئىمزالىنىپ، ئۇيغۇرلار قۇرغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى ستالىن خىتايغا سېتىۋەتتى...

خىتايغا مۇستەملىككە بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى تاكى ھازىرغىچە بىر كۈنمۇ توختاتمىدى...

سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جون فامىغرىت ئەپەندى:

— «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» ئايالىڭ رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىشكە تەسىر كۆرسىتەرمۇ؟

— ياق! مەن ئامېرىكا خەلقىگە ئىشىنىمەن، بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ يەر شارى سىياسىتىگە ئىشىنىمەن. غەرب دۇنياسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتىگە ئىشىنىمەن، قۇدرەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىمەن، ئامېرىكا خەلقى مېنىڭ رابىيە خېنىمىمنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ.

«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى جون فامىغرىت ئەپەندى تەييارلىغان رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بۇ چوڭ ھەجىملىك ماقالە 10 – ئاينىڭ 13 – كۈنى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ 21 – بېتىدە ئېلان قىلىندى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 10 – ئاينىڭ 16 – كۈنى پرېزىدېنت بوش ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىساد يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شاڭخەيگە يولۇپ كەتتى .

**«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» ۋە ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش، خەلقئارا سىياسى ئېكولوگىيىگە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. دۇنيادىكى مۇھىم دۆلەتلەرگە، كۆپ تەرەپلىك تەشكىلاتلارغا

مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتتى. جۇغراپىيىلىك سىياسەتلەر تۈپەيلى «شاڭخەي بەش دۆلەت گۇرۇھى»دىن بۇ يىل «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئۆزگەرتىلگەن تەشكىلاتمۇ سىناققا دۇچ كەلدى. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، روسىيە بىلەن جۇڭگونى ئاساس قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنى قوشۇمچە قىلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» بۇ قېتىمقى سىناقتا، ئىچكى جەھەتتە ئاجىز، خىرىنىپسىز، نىزامنامىسىز، سۆز كۆپ، ئىش ئاز (ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ بېرىشتە ئىش ئاز ئەمەس ئەلۋەتتە) بىرلەشكەن؛ لېكىن ھەقىقى تەشكىلات بولۇپ قۇرۇلمىغان بىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى .

«شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرى جۇڭگو، روسىيە، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق دۆلەتلەر ئىدى. باشقا تەرەپتىن ئېيتقاندا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» مۇشۇ قېتىمقى ۋەقەدە رايون خاراكتېرلىك كۆپ دۆلەتلىك رولىنى «ئوينىشى» كېرەك ئىدى.

ئاۋۋال سۆز ئاچاساق «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستان، ئافغانىستانغا بىۋاستە چېگراداش دۆلەتلەر بولۇپ جۇڭگونىڭ ئافغانىستان بىلەن بىۋاستە چېگرا لىنىيىسىنى يوق ۋە بۇنداق بوولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇرۇش باشلاندى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكى بىۋاستە تەھدىتكە ئۇچرىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئېچىۋېتىلگەن بىخەتەرلىك پونكىسىيىسى تۇرغۇزۇشنى ئاخىرقى مەخسەت قىلغان، ئىقتىسادى ساھەدە ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا سىياسەتتە رول «ئويىنماقچى» بولغان، بەزىلەر بۇ تەشكىلاتنى تېز ھەتتا «ئاسىيادا قۇرۇلغان ناتو» دېيىشكەن. كېيىن بۇ سۆزلەر ئالدىراپ ئېغىزدىن چىقىپ

كەتتىمۇ قانداق؟ لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگودەك دۆلەتلەرنىڭ شۇنداق نىيىتى بارلىقىنى چەتكە قاقىلى بولمايتتى.
ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك جۇڭگونىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى يېتەكچىلىكىدە بۇ ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىرلىرى ئۇچراشقاندا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تېررورىستلارغا قارشى بايانات ئېلان قىلغاندىن باشقا «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ يۈرەكلىك ساداسى ئوتتۇرىغا چىقمىدى، ھېچبولمىغاندا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشىگە «قارشى تۇرىمىز» دېيىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ يېقىندا ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە ھەرقايىسى ئەزا دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرى قىلدى، ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۆزى قىلدى. قارىماققا تەشكىلات باردەك، ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ چىقتى.
ئېنىق ئېيتقاندا ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا، ئافغانىستانغا كىرىپ كەلگەندە، رايون خاراكتېرلىك، كۆپ دۆلەتلىك «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئارتۇقچە سىياسىي كېلىمات پەيدا قىلالايتتىمۇ؟

**«نيورك ۋاقت گېزىتى»**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

10 – ئاينىڭ 11 – كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى: «11 – سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، بېيجىڭ دائىرلىرى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاندا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى كۈچەيتىش يولىدا ئۇرۇنۇپ كەلگەن، 11 – كۈنى ھازىرغىچە ئەڭ قاتتىق ھېسابلانغان بايانات ئېلان قىلىپ: خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، جۇڭگونىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك تىرىشچانلىقنى قوللىشى توغرىسىدا مۇراجىئەت ئېلان قىلدى. ئەيمەنمىدى، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى تېررورىست تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقى توغرىسىدا پاكىتىمىز بار دەپ، جاكارلىدى، ئۇيغۇرىستاندا ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلار ئوتتا ئاسىيا مەدەنىيەت ئىگە مىللەت بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ ئوتتا

ئاسيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

«40 – يىللاردا ئۇيغۇرىستاندا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان» دەپ قەيت قىلغان. «نيورك ۋاقىت گېزىتى»، «چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە بۇ نىشاندىن ۋاز كەچكىنى يوق» دەپ كۆرسەتتى.

كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانلىقى توغرىسىدا پاكىت يوق. بىراق، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۈستۈنلۈكىدىن ئاغرىنىپ كەلمەكتە. غەربنىڭ سىياسىئونلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى: جۇڭگو بۆلگۈنچىلىكنى چەكلەش ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ھەتتا تىنچ يول بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلىگۈچى ئۇيغۇرلارغىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ بېسىم ئىشلەتتى.

«باياناتچى سۇن يىشى: ئۇيغۇر مىللى بۆلگۈنچىلەر پارتلىتىش، ھۇجۇم قىلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، زەھەر سېلىش، باغلاپ كېتىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگونىڭ مۇقىملىقىغا، يېقىن ئەتراپىتىكى رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى. شۇڭا جۇڭگو، جۇڭگونىڭ خەلقئارا تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەركىبى قىسمى بولالايدۇ، دېدى دەپ، يازدى. «نيورك ۋاقىت گېزىتى»

غەرب سىياسى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «نيورك ۋاقىت گېزىتى»: ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار ئافغانىستانغا تالىبانلارنىڭ ھەربىي تەلىم – تەربىيىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، شۇلار بىلەن بىرلىكتە مۆرىنى – مۆرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلغانتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن قورال يۆتكەپ ئۇيغۇرىستانغا كىرگەنلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن تالىبانلارنىڭ ياكى ئوساما بىن لادىننىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا

ئاغدۇرمچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدا پاكىت يوق، دەپ يازدى.

**ئامېرىكا ئاخىرى مۇش ئاتتى**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 15 – كۈنى

ئامېرىكا ئافغانىستانغا ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى.

«11 – سىنتەبىر» تېررورىستلار پەيدا قىلغان ۋەقە دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. 10 – ئاينىڭ 7 – كۈنى باشلانغان ھەربىي ھەرىكەت مەيلى تېز ھەل قىلىشۇن ئافغانىستان مەسىلىسىنى ياكى ھەربىي ھەرىكەت ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشسۇن دۇنيادا ئىنتايىن زور تەۋرەش پەيدا قىلىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ۋە خەلقئارا سىياسەتنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئامېرىكا ئۇرۇش ئارقىلىق زەربە بەرمەكچى بولغان تېررورىستلارنىڭ قارا ئۇۋىسى ئافغانىستانىنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستان ئارقىلىق قوشنىسى — دەل دۇنيانىڭ ئىقتىسادى، سىياسى قايىنىمىغا يېڭىچىلاپ كىرىپ، يېڭى قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇش كويىدا يۈرگەن جۇڭگو، ئامېرىكا، ئافغانىستان ئۇرۇشىنىڭ زادى قانداق خاراكتېرلىك ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيىلىك تەرتىپكە سېلىشنى قايتا- قايتا ئويلاشتى. «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن جۇڭگو، تېررورىزىمغا قارشى نېگىزلىك مەيدانىنى ئىپادىلەپ، بىر چۆرگىلەپلا ئامېرىكىنى قوللىغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى. جياڭ زېمىن بوش بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن بولسۇن ياكى ۋاشىنگتونغا ۋەكىللەر ئۆمكىنى ئەۋەتكەن بولسۇن، جۇڭگو ئاخىر مەيدانىنى ئاشكارىلىدى.

ئامېرىكا رەسمى ئۇرۇش باشلىغاندىن كېيىن، بېيجىڭ تەرەپ بۇ ئۇرۇشقا قارىتا ئىپادە بىلدۈرۈشتە تولىمۇ ئېھتىياتچان بولدى. جۇڭگو بۇ ئۇرۇشقا ئۈچ قاتلام بويىچە ئىپادە بىلدۈردى.

1. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار قارارلىرىنى قوللىدى. 2 . تېررورىستلارغا زەربە بېرىش ھەربىي ھەرىكىتىنى قوللىدى. 3 . ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ھەم ئېنىق پاكىتى بولۇشى ھەم روشەن نىشانى بولۇشى كېرەك، دېدى. بۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈش قۇرۇقتىن – قۇرۇق ئىپادە بىلدۈرۈش بولۇپ سەۋەب پەقەت بىرلا — بۇ ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغان زەربىلەرنى باھالاشقا جۇڭگو ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك ئىدى.
ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشى خەلقئارا ئىستراتېگىيلىك سىياسەت بولۇپ ئىپادىلەندى. پرېزىدېنت بۇش «دوست بولمىسا، دۈشمەن بولىدۇ» دېگەندىن كېيىن، بېيجىڭ يەلپۈگۈچنى بىر يەلپۈپلا ھېجىيىپ تۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ ئاكوپىغا چۈشۈۋالدى. تېررورىزىم دۇنياۋى ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى، دۇنيا ئۈچۈن بىر ئاپەت بولۇپ قالغانلىقتىن، بېيجىڭ، جۇڭگو – ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا مەجبۇر بولۇپلا قالماستىن، ئەمدى خەلقئارا جەمئىيەتكە ماسلىششىنمۇ قارار قىلدى. ئۇرۇش ئەمدىلا باشلانغاندا، ئامېرىكا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بۇ قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەت 2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر قېتىملىق مىسلىسىز، كوللېكتىپ ھەرىكىتى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا بېيجىڭنىڭ ئامېرىكىنى ئاكتىپ قوللىشى بۆسۈش ئېغىزى، ھېسابلىنىپ، بېيجىڭنىڭ خەلقئارا ئىستراتېگىيسى ۋە دىپلوماتىك سىياستىگە بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلدى، جاھىل ئىدىئولوگىيسىدىن ۋە مەدەنىيەتسىز مىللەتچىلىكىدىن ئاز – تولا چېكىنىپ، خەلقئارا پرىنسىپلارنى يۇرۇشلەشتۈرىدىغان مۇۋاپىق خەلقئارا ئىقتىسادى ۋە خەلقئارا سىياسەتنى يېتەكچى قىلىدىغان ئورۇنغا ئۆتتى.
«11 – سىنتەبىر» تېررورىستلار تۇغدۇرغان ۋەقە دۇنيانىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئامېرىكا، جۇڭگونى قاراتمىلىققا ئىگە، زەنجىرسىمان قورشاشنى ئىشقا ئاشۇردى، دەپ قارالدى.

جۇڭگو ئاۋۋالقى ئون يىل ئىچىدە، تېرىشچانلىق كۆرسىتىپ، غەربىي – شىمالدا بىخەتەرلىك ھالقىسى قۇرۇپ چىقىلغان، قورشاۋنى بۆسۈپ «ئاكتىپ نەتىجىلەر»گە ئېرىشكەن؛ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا بولغان بەش دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، دوستى پاكىستان، جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان ئەمەسمىدى؟ ئافغانىستان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن ئافغانىستان ھەتتا پاكىستاننىڭ سىياسى ھاكىمىيىتى ۋە ھوقۇق ساھەسىدە جىددى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەرۋازىسىنى ئىگەللىدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا پەيدا بولدى. «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئەمدى ئىسمى بار، جىسمى يوق تەشكىلاتقا ئايلىنىپ قالدىغۇ؟!

بىر قاتار مەسىلىلەر بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى غەرب ۋە شىمال چېگرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قايتىدىن ئويلىششقا مەجبۇر قىلدى. مۇداپىئە پىلانىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە، ئەسكىرى ھۇجۇم ئىستراتېگىيىسىدىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. ئەسلىدە شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىدا تەيۋەندىن، ئامېرىكىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان جۇڭگو، ئەمدى غەرب تەرەپ، شىمال تەرەپ، ھەربىي سىستېمىسىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرمىسا بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. جۇڭگونىڭ گېنىراللىرى شەرقىي دېڭىز بويلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمىدى ئەمدى غەربىي دېڭىز بويلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ تالىبانلارغا زەربە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىگە زەربە بەرمەكچى بولدى. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشى ئارقىلىق خىتاي پۇقرالىرى خەلقئارا ئېقىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

**قوماندا كالتكگه بويسۇنمدىمۇ؟**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

تېررورىستلار پەيدا قىلغان ۋەقە دۆلەت قۇرغىلى 200 يىلدىن ئاشقان ئامېرىكىغا ئېغىر تالاپەت يەتكۈزدى. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ۋاپات بولغانلارنىڭ سانى فىرل خار بىر ۋەقەسىدە ۋاپات بولغانلارنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى. بىۋاستە ئىقتىسادى زىياننى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گەرچە جۇڭگو، ئامېرىكىنى قوللاپ ئىپادە بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ئامېرىكا ئەمەلىي ئىشلاردا جۇڭگونى پۈتۈنلەي چەتكە قاقتى. ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامە پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقى ھېسابلىناتتى. ئامېرىكا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئاۋۋال 40 دۆلەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوماندا كالتكگە بويسۇنماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى جۇڭگو ئەمەسمىدى؟ شۇنداقتىمۇ جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا قاتنىششىنىڭمۇ، ئارىلىششىنىڭمۇ ئورنى بولماي قالدى.

«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ 2 – كۈنى روسىيە ھۆكۈمىتى بايراقنى يېرىم چىقىرىپ ماتەم تۇتۇپ، شەرتسىز ئامېرىكا تەرەپتە تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى. ئەسلىدە سابىق سوۋېتلەر ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغان، ئافغانىستاننى ھەربىي ئىگەللىگەن، ھەربىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە روسىيە ئافغانىستان توغرىسىدا مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان ئىدى. 9 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت قىسىملىرى ئافغانىستانغا كىرگەندە روسىيە پامىر تاغلىرىنىڭ خەرىتىسى بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە بۇ ئىشقا روسىيە ئارمىيىسىنى قاتناشتۇردى.

خەۋەرلەردە ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى ئافغانىستانغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە شىمالىي ئاتلانتىك

ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى، گېرمانىيە، فرانسىيە، كانادا، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىتالىيە، گىرۇزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكىنى قوللىدى. روسىيە بىلەن ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللىگەندىن تاشقىرى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ ئافغانىستانغا كىرگەن ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى ئۆزبېكىستانغا، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئالدىنقى سەپ ھەربىي بازا قۇرغاندا روسىيىنىڭ ياردىمى ئاز بولمىدى.
سابىق سوۋېتلەر روسىيىسى ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئامېرىكا پۇل چىقىرىپ، قورال – ياراغ چىقىرىپ، روسىيىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزىغا قارشى ئافغانىستان پارتىزانلىرىغا ياردەم بەرگەن، ئەمدى، ئامېرىكىنىڭ تېررورىستلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشىغا روسىيىنىڭ ياردەم بەرگەنلىكى ئىككى دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى.
7 – ئاينىڭ 16 – كۈنى جۇڭگو – روسىيە دۆلەتلىرى «دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، ئامېرىكىنىڭ زوراۋانلىقىغا ئېنىق قارشى تۇرغاندا، بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن خىتاي مىللەتچىلىرى روسىيىنىڭ جۇڭگوغا «تاجاۋۇز قىلىش» تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكەن.
پەرەز قىلغانتۇق دېيىشتى خىتاي مىللەتچىلىرى: شەرتنامە ئىمزالاپ 50 كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ، ئامېرىكا بىلەن روسىيە كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان يىغىنلارنى ئاچماي، دەبدەبىلىك ھەرقانداق شەرتنامە ئىمزالىماي، جۇڭگونىڭ ئارقا ھويلىسىدا بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خىتايمۇ دۆلەت ئارمىيىسىنى ئافغانىستانغا چېگرالىنىدىغان مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستانغا يۆتكەپ كەلدى. بۈگۈن جۇڭگو ئافغانىستاندىن مۇداپىئە كۆرەمدۇ ياكى روسىيىدىن مۇداپىئە كۆرەمدۇ ياكى ئامېرىكىدىن مۇداپىئە كۆرەمدۇ، ياكى ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ، روسىيىنىڭ مەنپەئەتلىرى بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتلىرى بىردەكمۇ؟ بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

**رابىيە قادىر**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

ئۈكىمىز رىشات ئابباس ماڭا نيويورك شەھرىدىن تېلېفون بەردى.

— پرېزىدېنت بوش شاڭخەيگە زىيارەتكە مېڭىشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەھبىرى، رابىيە قادىر توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى تەييارلىغان بىر پارچە ھۆججەتنى پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقازغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى رىشات ئابباس ئەپەندىمگە كىم يەتكۈزگەن؟ ماڭا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدى.

بىراق، شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ سىياسى مەسىلىسىگە ئايلىنىپ، ئاقسارايغا كىردى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ توغرىدا خىتاي ھاكىمىيىتى نېمە ئويلايدۇ، قانداق جاۋاب قايتۇرىدۇ، بىلمەيمەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىنى، رابىيە قادىرنى قانداق پىلانغا قويىدى. بۇنى ھەم بىلمەيمەن. ئەمما، يېقىندىن بېرى ئۇيغۇر توغرىسىدا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا گېزىتلىرىدە خەۋەرلەر ئارقا – ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

قىسقىسى، غەرب دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارغا ئىگە بولدى. ئەمدى قالغىنىنى ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى سىياسىتىنىڭ ۋەزىيەتلىك تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ.

**سابىق پرېزىدېنت كلىنتون....**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

سابىق پرېزىدېنت كلىنتون رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن مەخپى ئۇچراشتى. جوڭنەنخەينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ياساۋۇل بېگى جياڭ زېمىن، دەم ئېلىش ئۈچۈن بېيجىڭدىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. يېقىندا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا يىغىندا سايىپخان بولىدىغان جياڭ زېمىن،

بولۇپمۇ شۇ يىغىندا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بوش ئەپەندى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان جياڭ زېمىن ئۆزىنىڭ تەييارلىقىنى — چاچ – قاپاقلىرىنى يۇلۇپ تارايدىغان تەييارلىقنى پۈتتۈرمەي، تۇيۇقسىز بېيجىڭدىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكىنى نېمىسى؟

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، جياڭ زېمىن گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجىن شەھىرىگە كەتكەنمىش. يىغىن شاڭخەيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇرسا، خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىششتىن ئون كۈن بۇرۇن يىغىن مەيدانىغا يېتىپ بارىدىغان جياڭ زېمىن، ھېچبولمىغاندا شاڭخەي شەھىرىنىڭ يېنىدىكى سۇجۇ شەھىرىگە ياكى ۋۇشى شەھىرىگە ۋە ياكى ئەجدادىنىڭ جەستى كۆمۈلگەن ياڭجۇ قاتارلىق جايلارغا دەم ئېلىشقا چىقماي نېمىشقا شىن جىن شەھىرىگە دەم ئېلىشقا كەتكەندۇ؟ كىشىنى گۇمانغا سالىدۇ، گۇمان قىلغانسېرى كىشلەر ھەيران قالىدۇ.

يەنە باشقا خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، جياڭ زېمىننىڭ شىن جىن شەھىرىگە دەم ئېلىشقا بېرىشى بۇ «مۆتىۋەر»نىڭ دەم ئېلىشىدىن باشقا... باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ بار ئىكەن. .... بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىختىيارى ۋە ئىختىيارنىڭ سىرتىدا بىر پائالىيەتكە قاتنىشش... مۇنداق ئېيتقاندا جياڭ زېمىن شىن جىن شەھرىدە ئالاھىدە بىر كىشى بىلەن مەخپى ئۇچرىشىدىكەن.

پائالىيەتكە ئىختىيارى قاتنىششتىن ئېيتقاندا، يېقىندا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بىر مۇمكىنلىكنى ئويلىششقا توغرا كېلىدۇ. گۇۋاڭجۇدا 90 – نۆۋەتلىك كۈزلۈك سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. يەرمەنكە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەمدۇ، يا! چوڭ تەييارلىق — پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرىنى يەرمەنكىگە تەكلىپ قىلىش تەييارلىقى پۈتۈپ قالغان بولسا، جياڭ زېمىن شۇ يەرمەنكىگە رىياسەتچىلىك قىلامدۇ، يا! جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى سىياسى تۈرمۇشىدىن ئېيتقاندا، رىياسەتچىلىك قىلىش دېگەن سۆزنى جياڭ زېمىن ئۆزى ئېغىزدىن چىقارغان

ئەمەسمدى؟ ئۇنڭدىن باشقا جياڭ زېمىن شىن جىن شەھىرىگە بېرىپ، مەخپى شىن جىن شەھىرىگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلگەن بىر كىشى بىلەن كۆرۈشىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، بۇنداق مۇمكىنلىكنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.
بېيجىڭ تەرەپتىن مەتبۇئات ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن يەنە بىر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كلىنتون گۇۋاڭدۇڭنى زىيارەت قىلارئىمىش. كلىنتوننىڭ شىن جىن شەھىرىگە زىيارەتكە كېلىشى، پرېزىدېنت بوشنىڭ شاڭخەي سەپىرىدىن ئاۋۋال تۈيۈقسىز ئورۇنلاشتۇرۇلغان پائالىيىتمۇ؟ يۇقىرى دەرىجىلىك مەخپىيەتلىك ئىچىدە بۇ خەۋەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمىسىمۇ، جياڭ زېمىننىڭ شىن جىن شەھىرىگە بېرىشىنى سابىق پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ شىن جىن شەھىرىنى مەخپى زىيارەت قىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ئىككى كىشىنىڭ شىن جىن شەھىرىنى زىيارەت قىلىشى سىياسەت ساھەسىدىكى كىشىلەر تارقاتقان ئۆسەك خەۋەر بولماستىن، ئاخىر پاكىتقا ئايلىنىپ، ئىككى رەھبەرنىڭ شىن جىن شەھىرىدە ئۇچرىشىشى، سابىق پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ غەيرى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى بولۇپ قالامدۇ؟ بوش ئەپەندى شۇ كۈنلەردە شاڭخەينى زىيارەت قىلىدىغان تۇرسا، كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ شىن جىن شەھىرىدە ئۇچرىشىشى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ھەممىسى ئوخشاش ئېغىز – بۇرۇن يالىشىدۇ، بىر – بىرىنى قوللايدۇ، دېيىشكىچۇ ھەي! زامان.
ئەگەر پرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىن شاڭخەيدە ئۇچرىشىشتىن ئاۋۋال، سابىق پرېزىدېنت كلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ شىن جىن شەھىرىدە مەخپى ئۇچرۇشىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، ئىشىنىڭلار بۇ يەردە ئاجايىپ بىر سىياسى ئويۇن بولۇشى مۇمكىن .

**خەۋەردار كىشىلەر**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

خەۋەردار كىشىلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى خەنزۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئۆز ئارا تۇغقانلارچىلىق قىلىشى مەملىكەت ئىچىدە سەزگۈر رايونلارغا زىيارەت قىلىپ بېرىشىنى چەكلەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دەك ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.

خەۋەردار كىشىلەر: «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىگە ئىلھام بەردى. پارتلىتىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى ۋاستە قىلغان ئۇيغۇر رادىكاللىرى يەنە تەۋەككۈلچىلىك قىلىشى مۇمكىن. بېيجىڭ ساقچى ئىدارىسى ئېرىشكەن ئاخباراتقا قارىغاندا دەپ، نەقىل كەلتۈرگەن «دۇنيا گېزىتى»: «مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە جۈملىدىن بېيجىڭدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلدى» دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭدە بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇر ياشايدۇ. بىراق، زىيالىي بولۇپ بېيجىڭدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار قاتتىق باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. قىيىن بولغاندا خىتاي ساقچىلىرىغا «شىنجاڭ» كەنتىنى باشقۇرۇش قىيىن بولغان ئىدى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق «شىنجاڭ» كەنتى تارقىتىۋېتىلدى.

بېيجىڭ ساقچىلىرى شىدەن، ۋاڭ پۇجىن كوچىلىرىنى ۋە ئامما توپلىشىدىغان جايلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. تۈركۈملەپ مەخپى ساقچىلارنى كوچىغا چىقاردى. بۇ يىل 8 –ئايدا «ئازادلىق ئارمىيە»، «شىنجاڭ»دا، مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاندا تېررورىزىمغا قارشى ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ باردى. شۇنداق مانېۋىر ئالدىمىزدىكى ئىككى ئاي ئىچىدە يەنە ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى دىپلوماتىك ئالاقىلار ئارقىلىق «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرگە ئۇقتۇرۇش

قىلىپ، چېكىدىن ئاشقان مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىگە زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
بېيجىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كۆرسىتىپ «دۇنيا گېزىتى»:
«يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەشكىللەپ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ئاپەتكە ئايلاندى، دەپ ئىقرار قىلدى دەپ، كۆرسەتتى. گەرچە بېيجىڭ دائىرىلىرى «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، بىرنەچچە يۈز نەپەر مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىنى، ئىسلامچى دائىلارنى قولغا ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، خەۋەرلەرگە قارىغاندا بېيجىڭ دائىرلىرى خەلقئارا تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىنى يوشۇرۇن قولغا ئالدى.

**پرېزىدېنت بوش ئەپەندى**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 19 – كۈنى

پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جۇڭخەنخەينىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن، ئاسىيا – تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق — دۆلەت باشلىقلىرى يىغنى رەسمى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال 19 – كۈنى شاڭخەي شەھرىنىڭ غەربىي مېھمانخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پرېزىدېنت بوشنى قارشى ئالدى.
دۆلەت باشلىقلىرىدىن باشقا، سۆھبەتكە، ئامېرىكا تەرەپتىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋىل، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مىنىستىرى كاندىلىزا رايىس خانىم، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىرلىكتە قاتناشتى.
جۇڭگو تەرەپتىن جياڭ زېمىنگە ھەمراھ بولۇپ چەن چېچېن، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى تاڭ جاشيۈەن، شاڭخەي شەھەر باشلىقى خۇۋاڭ جۇ قاتارلىقلار قاتناشتى.

پرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبىتى ئاۋۋال كېلىمات توغرىسىدا ئىختىيارى سۆزلەش بىلەن باشلاندى. جياڭ زېمىننىڭ تەكەللۇپلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ پرېزىدېنت بوش:
— شاڭخەيىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن، بۇنىڭدىن 26 يىل بۇرۇن شاڭخەيگە كەلگەن ئىدىم. مۇشۇ يىللار ئىچىدە شاڭخەي ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپتۇ، دېدى.
يىغىندىن كېيىن پرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىن بىرلىكتە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جياڭ زېمىن :
— مەن ھازىرلا پرېزىدېنت بوش بىلەن ناھايىتى ياخشى سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. بىز تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتۇق. ئىككى تەرەپ ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋىتى، تېرروررىزىمغا قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردۇق. ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق دەپ، كۆرسەتتى.
ئۇ يەنە: ئىككى تەرەپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى پۇختا ئىگىلىيەلىگەنلا بولساق، ئۈچ پارچە شاڭخەي ئاخباراتىنىڭ روھى بويىچە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايمىز. شۇنداق قىلساقلا ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ دەپ، كۆرسەتتى.
پرېزىدېنت بوش مۇخبىرلارغا:
— مەن تۇنجى قېتىم رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەت، تېرروررىستلارنىڭ مالىيە مەنبەئىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئاخبارات ئالماشتۇرۇش جەھەتتە ھەمكارلىشىدىغان بولدى دەپ، كۆرسەتتى. (دېمەك سىياسى سودىغا يەنە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى قىستۇرۇلدى، دېگەن گەپ)
پرېزىدېنت بوش:
— خەلقئارا تېررورىست ھەرىكەتلەرنىڭ جىددىيلىكى توغرىسىدا ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ تېرروررىستلارغا ئورتاق زەربە

بىردىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن، لېكىن، دېدى پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى:

تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى جۇڭگوغا، جىياڭ زېمىنگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. چۈنكى، جۇڭگو غەربتىكى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇزلۇكسىز ۋەقە تۇغدۇرغۇچى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلار ھەرىكىتىگە دۇچ كەلگەن ئىدى.

**«تايمىس گېزىتى»**

2001 – يىلى 10 – ئاينىڭ 22 – كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى»نىڭ لوندۇن بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا تەپسىلاتلار بويىچە تەتقىق قىلىپ، تېررورىستلارغا، ئىسلامچى رادىكالىستلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ يېڭى كېلىشىم جۇملىدىن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى جاسۇسلۇق پائالىيىتى ۋە تىنىڭ – تىڭشاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئاخباراتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، - دەپ كۆرسەتتى .

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى: «جىياڭ زېمىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىگە ۋە سىستېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات توپلاش تارماقلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنى، تالىبانلار ۋە بۇ تەشكىلاتقا مۇناسىۋەتلىك، تېررورىست تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ماتېرىياللىرى بىلەن چەكلىك تەمىنلەشنى ئورۇنلاشتۇردى» دېدى. (ئۇنداقتا بۇ ئىككى دۆلەتتە ئەمەلىيەتتە بىرلا دۆلەت ئىكەنغۇ؟)

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا: «جۇڭگونىڭ جاسۇسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سەرگەردان تەشكىلاتلىرىغا سىڭىپ كىرگەن. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ غوللۇق

ئەزالىرى ئافغانىستاندا ھەربىي تەلىم – تەربىيە كۆرگەن. بەلكى بەزى ئۇيغۇرلار ئوساما بىن لادىننىڭ تەربىيلەش لاگېرىدا تەربىيە كۆرگەن ۋە شۇ لاگېردا پەيدا بولغان.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلىشقا كۆندۈرۈپ، مىلىي نەپەر ئەتراپىدا ئۇرۇشپەرەست ئىسلامچى ئۇيغۇرلارنىڭ ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى بۇ ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سالغاندا مەجبۇرلاش ئۇسۇلى — پۇل بېرىش، ئائىلە – تاۋاباتلىرىغا تەھدىت سېلىش ياكى ئۇلارغا يۇقىرى خىزمەت ئورنى بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، بۇ جاسۇسلارنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ھەمكارلىششنى قولغا كەلتۈردى.

نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار غازاتچىلار ۋە جاھاتچىلار ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن پاكىستلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشلەرنى ئوساما بىن لادىننىڭ تارتىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا روسىيىنىڭ ئاخبارات، بىخەتەرلىك ئورگانلىرى، ئوساما بىن لادىننىڭ لاگېرىدا تەربىيە كۆرگەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇرنى چېچەنىيىدە تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

«تايمس گېزىتى» ئاخىرىدا: پرېزىدېنت بوش جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ تېررورىستلارغا زەربە بېرىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىسلامچى دۈشمەنلىرىگە خىتاي بىلەن ئورتاق، بىردەك قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرستاندا، ئۇيغۇرلارنى باستۇرغان بەت – بەشىرىك رېئاللىقق پەرۋاسىز قارىدى دەپ، كۆرسەتتى .

**نيورك شەھرى**

2001 – يىلى 12 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

تېررورىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئالدىنقى كۈنى بىرلەشكەن دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى ئەننان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ

رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نورۋېگىيىنىڭ ئوسلو شەھىرىدە بۇ نۆۋەتلىك نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ساھىپ بولدى. بۇ يىلقى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكەن يىلقى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدىن پەرقلىق بولدى. چۈنكى، بۇ يىلقى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغان يۈز يىللىق خاتىرە كۈننى خاتىرىلەش كۈنلىرىگە توغرا كەلدى. شۇڭا، ھازىرغىچە ھايات ياشاۋاتقان نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبلىرى ئوسلو شەھىرىگە توپلاندى. پەقەت ئۇرۇش تەھدىتى ئىچىدە تۇرغان پەلەستىننىڭ داھىسى ئاراپات، ئىسرائىلىيىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فىرىس قاتارلىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كىشىلەر بۇ خاتىرىلەش كۈنىگە يېتىپ كېلەلمىدى. ئەھمىيەتلىك سىيلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبلىرى جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە كىشىلىك ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، پۈتكۈل دۇنيا تېرروررىستلارنىڭ ۋەھىسى ئىچىدە قالدى.

مەتبۇئاتلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا تاللانغان ئەننان ئەپەندى مەنىلىك قىلىپ : «دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئىشچىلىقتىن يىراق، خەۋپ – خەتەر ئىچىدە ياشىماقتا. شۇنداق پەيتتە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ئالغىنىم ئۈچۈن خىجىل بولىمەن» دېدى.

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى تەھسىس قىلىنغان بىر ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران – چاپقۇنلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ئارزۇلىرى رېئال دۇنيادا تىنچلىققا يېتەلمەسلىك، ئۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئالدىدا ئىنسانىيەتنىڭ چارىسىز قالغانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا بىر ئەسىر ئىچىدە 19 يىل نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى تارقىتىلمىدى. چۈنكى، دۇنيا بۇ يىللاردا ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ياشىدى. لېكىن كىشىلەر ئىگىلمەي جان پىدالىق بىلەن خۇسۇسىي غەرەزلەردىن خالى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى، بەخت – سائادىتى، تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. مەسىلەن،

مارنت رويتېر قاتارلىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ساھىپ بولغان كىشىلەر ھايات ۋاقتىدا، ھەتتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ شۇ خىل روھى، ھايات ۋاقتىدىكى ئەخلاقى ئىنسانىيەتكە ئىلھام بېرىپ، تىنچلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ غايىلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. پولشالىق ۋاۋسا ئەپەندىم، ئىشتىپاق ئىشچىلار تەشكىلاتىغا داھى بولۇپ، پولشانىڭ تىنچلىقى، دېموكراتىيىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ پولشاغا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. شەرقىي تېمۇرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشتا، ھىندونىزىيىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. دالاي لاما نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن جاھان خەلقى جۇڭگودا كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئاز سانلىق دېيىلگەن مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. سەلبى جەھەتتىن ئېيتقاندا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاراپات، فىرىس قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرا شەرققە تىنچلىق ئېلىپ كېلەلمىدى.

سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تۈنۈگۈنلا ئاخىرلاشتى. بۈگۈن دۆلەتلەر ئارا يەر شارىلىشىش دولقۇنى باشلاندى. سۆھبەتلىشىش، دىئالوگ قارشىلىشىنىڭ ئورنىغا ئۆتتى. ئادەملەر گويا بىر ئەسىر قان تۆككەن تارىخنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. مەدەنىيەتلەر تونۇشى، ئېرقى توقۇنۇش سۇسلاشتى. دۆلەت چېگرالىرى يوقۇلۇشقا باشلىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدارى ئەمدى مۇھىم بولماس قالدى. تىل ۋە بايانلىشىش پەرىقلىرى ئارتۇقچە بولۇپ قالدى. تور بېتىدە قىياس قىلىنغان دۇنيا ئادەملەرنى مەپتۇن قىلىشقا باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق مۇساپىسى گويا ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ كەلگەندەك بولدى. بىراق «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» تېررورىستلارنىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ تاتلىق چۈشىنى بۇزۇۋەتتى. كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىققا زور تەھدىت ھېسابلانغان ئۆچمەنلىكنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشتى. قولغا يېتىپ كېلەيلا دېگەن تىنچلىق يەنە

كۆزدىن غايىپ بولدى. شۇنداق ۋاقىتلاردا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى بىر ئەسىرلىك تارىخى مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. خۇددى ئەنئەنە ئەپەندى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە كۆرسەتكەندەك: «ئوخشاش بولمىغان دىن ۋە كلاسسىك ئەنئەنىلەر ئىچىدە تىنچلىق ۋە مېھرىبانلىقنى دەۋەت قىلىشلا بار ئىدى. لېكىن ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان خىتايدەك مىللەتلەر ھەققەتنى ئۆزۈملا ئوشلاپ تۇرىمەن دەپ تەرسالىق قىلغانلىقتىن، تىنچلىق دېموكراتىيىسىنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا بىز، ئەنئەنە ئەپەندىنىڭ سۆزىگە — بۈگۈن ھەققى چەك – چېگرا دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەمەس. بەلكى، ھوقۇقلار بىلەن ھوقۇقسىزلار ئوتتۇرىسىدا، ئەركىنلىك بىلەن بويىنغا زەنجىر تاشلانغانلار ئوتتۇرىسىدا، شان – شەرەپكە ئېرىشكەنلەر بىلەن نادان، قاششاق ھالەتتە قالدۇرۇلغانلار ئوتتۇرىسىدىكى چەك – چېگرادۇر، دېگەن سۆزىگە قوشۇلىمىز.

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ يېڭى دەۋرىدە، ئىنسانىيەتنىڭ ياخشى ئارزۇلىرىغا ئىلھام بېرىدىغان، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئۈمىدلىرىگە مەشئەل بولىدىغان، شۇنداق تارىخى دەقىقىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئوقيادىن چىقىپ كەتكەن ئوق قايتىپ كەلمەيدۇ**

2001 – يىلى 12 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

12 – ئاينىڭ 11 – كۈنى جۇڭگو ئاخىر دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىردى. كەلگۈسىدە خەلقئارا ئورتاق پرىنسىپلار ئاساسىدا، بازار ئېرىلكىنى، ئىجتىمائىي ئېرلىك ۋە كارخانىلار ئېرلىكىنى شەرت قىلغان ئىقتىساد سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. خەلقئارا ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ، ئىقتىسادى رىقابەتنىڭ كەسكىن ئېلىشىشلىرىدا جۇڭگو، تەرەققىيات، ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. نىشان ئىنتايىن ئېنىق بولىدۇكى، جۇڭگو ئەمدى ماۋ زېدۇڭ

دەۋرگە قايتسپ كېتەلمەيدۇ. گەرچە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش، جۇڭگونىڭ يىمىرىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار ئەندىشە، ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن، جۇڭنەنخەيىنىڭ ئا لىرى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئۇرغۇنلىغان قالاق دۆلەتلەر، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن گۇمران بولمىدىغۇ؟ جۇڭگو ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان يەتتە دۆلەتنىڭ بىرى، ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ، يەر گۇمۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ، دېيىشىپ ئۆزلىرىنى بەزلەشتى.

خەلقئارا جەمئىيەت ئۇچۇن جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىدىن ئېيتقاندا، ئەزا بولۇپ كىرگەن كۇندىن باشلاپ پۇل – مۇئامىلە ساھەلىرىنى، پارچە سېتىش مۇلازىمەت ساھەلىرىنى، ئۇچۇر ئالاقە ساھەلىرىنى، مەبلەغ باشقۇرۇش ساھەلىرىنى، بوغالتىرلىق، بىناكارلىق، سەيلى – ساياھەت ساھەلىرىنى ئېچىۋېتىش كېرەك بولىدۇ. لېكىن جۇڭگو بەرگەن ۋەدىلىرىنى تېخى ئەمەلىيلەشتۇرمىدى. قانۇن – نىزامنامىلارنى مۇكەممەللەشتۇرمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، بازارنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، 170 مىليون كىشى ئىشسىز قالىدۇ، يېزىلاردىن كېلىدىغان دېھقانلارچۇ تېخى!

تارىختىن قارىغاندا جۇڭگو، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى خاراپلىق ئىچىدە جان تالىشىشتىن بۇگۇنكى، تەرەققىي قىلغان دەۋرگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، دەۋرنىڭ دەسلەپكى داۋالغۇشلىرىدىن خىتايچە دانالىق ۋە خىتايچە مۇستەبىتلىك بىلەن ھاكىمىيەتنى ساقلاپ، ئامان – ئېسەن، ئېغىر سىناقلار ۋە ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن . بىراق، خەلقئارا ئىستراتېگىيىلىك مۇھىتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو قۇرۇقلۇقى ھازىر ئىككى تەرەپلىك قورشاشقا دۇچ كەلدى. بىر تەرەپتىن بازار ئىقتىسادىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي ۋە سىياسى قورشاۋنىڭ ئىچىدە قالدى. ئاۋۋالقىسىدىن

ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش سۆھبىتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت نىزامنامىلىرىغا، قانۇن – پەرمانلىرىغا مۇرەسسە – مادارا قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ئىدى. بۇ قانۇن – نىزامنامىلارنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربنىڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلىرى تۈزگەن. سۆھبەت قىلغان جۇڭگو، ئاز زىيان تارتىش ئاساسىدا، خەلقئارا بازار تەرەققىياتى ماكانىغا ئېرىشىشنى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلغان. ئۇيلايتتى. لېكىن ناھايىتى ئېنىقكى، ئومۇمىيۈزلۈك بازار ئىقتىسادىغا ئۆتۈش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن زور بېسىم ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى، ئىقتىسادى دېموكراتىيىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئىقتىسادى مەنپەئەتنى قوغدايدىغان سىياسى ۋەكىللەرگە موھتاج بولاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا دېموكراتىك ئىسلاھات زۆرۈر بولۇپ قالامدۇ؟ ئىككىنچى تۈرلۈك قورشاۋدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو ئەسلىدە تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئامېرىكا، ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، باش كۆتۈرگەن جۇڭگونى قورشاش سىياسىتىنى يۇمشىتىش مۇمكىن دەپ، ئويلىغانىدى. بىراق، ئافغانىستان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ «شاڭخەي ئالتە دۆلەت ھەمكارلىقى» دېگەننىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى بىكار قىلىۋەتتى. ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقدېشى ياپونىيىنى ئاساس قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ تاشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئامېرىكا – ياپونىيە كوللېكتىپ بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئامېرىكا، رىياۋيۇتەي ئارىلى مەسىلىسىدە ياپونىيىنى قوللىدى. تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن پاكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇردى. ھىندىستان بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە، ھەربىي، سىياسى جەھەتتە جۇڭگونى قورشاشنى

تولۇق ئىشقا ئاشۇردى. راكېتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلا بولسا، بۇ قورشاش چەمبىرىكىنى ھەرقانداق كۈچ بۆسۈپ چىقالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇگۈن ئىككى تەرەپتىن قورشاشقا دۇچ كەلگەن جۇڭگو، ئوخشاشلا ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلگەن جۇڭگودۇر.

**زامان قەھرىمانىنى يارىتىدۇ**

2001 – يىلى 12 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

دېسەڭ، زامان پرېزىدېنت بۇشنى قەھرىمان قىلىپ ياراتتى. «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، پرېزىدېنت بۇش تەۋرەنمەس ئىرادىسى ئارقىلىق تېرروروستلارنىڭ خىرىسقا يۈزلىنىپ، جامائەت پىكرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئەسكەر يۆتكەپ ئافغانىستانغا، ئەل قائىدە تېررورىست تەشكىلاتىنىڭ قوللىغۇچىلىرى تالىبانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشى ۋە تالىبانلارغا قارشى شىمالىي بىرلىك كۈچلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ماسلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، ئافغانىستان ئۇرۇشى كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىدىن ئوڭۇشلۇق بولدى. تالىبانلارنىڭ سىياسى ھاكىمىيتى دەرھال يىمىرىلدى. ئەل قائىدە تەشكىلاتىنىڭ تاغ ئارىسىدىكى بازىلىرى قولدىن كەتتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىنىڭ خەلق رايى ئالدىدىكى ئىناۋىتى 90% گە، ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتىنى قوللاش سادالىرى 75% گە يەتتى.

ئىچكى سىياسەت دەل شۇنداق ۋەزىيەت ياراتقاندا ئوساما بىن لادىنىنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىغان، ئۇرۇش تېخى داۋاملىشىۋاتقان بىر پەيتتە پرېزىدېنت بۇش 12 – ئاينىڭ 13 – كۈنى ئۆز ئالدىغا 1972 – يىلى روسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان شەرتنامىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلاپ، بۇ شەرتنامە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالارنى تېررورىستلارنىڭ

ھۆجۇمدىن، لۇكچەك دۆلەتلەرنىڭ ھۆجۇمدىن ساقلايدىغان قوراللارنى تەتقىق قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلدى، - دېدى ھەمدە بۇ شەرتنامىنى سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، - دېدى.

پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ شۇنداق قارار قىلىشى پەرەز ئىچىدىكى مۇمكىنلىك بولسىمۇ، بىراق، يەر شارى خاراكتېرلىك يادرو قورالىرى ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك قوراللار مۇۋازىنىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، پرېزىدېنتنىڭ بۇ قارارى تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن، يەرشارى خاراكتېرلىك باش خەۋەرگە ئايلاندى. بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ يەر شارى سىياسىتىنىڭ رىقابەتچىلىرى دەپ، قارالغان روسىيە بىلەن جۇڭگو قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن بوش ئەپەندىنىڭ قارارىنى قوللىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى ئەنىنان : ئامېرىكىنىڭ قارارىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، بۇ قارارنىڭ يېڭى بىر قېتىملىق ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى .

شۈبھىسىزكى، پرېزىدېنت بوشنىڭ بۇ قارارنى جاكارلىشى ئۇنىڭ سىياسى ھاياتىدىكى ئەڭ زور غەلىبە، «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» پرېزىدېنتىنىڭ سىياسى تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ قالدى. 1972 – يىلى روسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان شەرتنامىنى بۆسۈپ چىقىپ، راكىتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ــ سايلام دەۋرىدە پرېزىدېنتىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسى ۋەدىسى ھېسابلىناتتى. لېكىن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر بولسۇن ياكى ئىچكى سىياسى ئىكولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر بولسۇن، پرېزىدېنت بوشنىڭ سىياسى ۋەدىسىنىڭ كەينىگە ئىنتايىن زور سىياسى مەقسەت يوشۇرۇنغان. نۆۋەتتە تېررورىزىمغا قارشى

ئۇرۇشنىڭ كەيپىياتى ئۇستۇنلۇكتە تۇرغاندا، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى توسقۇنلۇقلار ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، كونگرىس تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەنەتور جوزېف بايدىن ئەپەندى ئاقسارايىنى تەنقىدلەپ، شەرتنامىدىن چېكىنىپ چىقىشنى ئىسپاتلايدىغان ھەرقانداق يېتەرلىك پاكىت يوققۇ؟ دېگەن بولسىمۇ، راكىتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى سىناق قىلىشقا ئاجرىتىلغان خام چوتمۇ ئوخشۇشلۇق بىلەن ماقۇللاندى .
ئۇنىڭدىن قالسا، پرېزىدېنت بوش تېررورىزىمغا قارشى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ رولى ئارقىلىق روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تارمار قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ قارارىدىن پەيدا بولغان دىپلوماتىك كرىزىسنى ھەم پەسكويغا چۈشۈردى.
پرېزىدېنت بوشنىڭ شەرتنامىدىن چېكىنىپ چىقىش غەلىبىسى تېررورىزىمغا قارشى خەلقئارا ئىتتىپاققا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغاندىمۇ يەنىلا ئۆز ئالدىغا يەككە ئىش كۆرىدىغان تەپەككۇر يولىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن پرېزىدېنت بوشنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىقى پەقەت دىپلوماتىك پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئەمما ئىستراتېگىيىلىك پرىنسىپلارنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولۇپ ئىپادىلەندى.
ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشنىڭ بۈيۈك غەلىبىسى پرېزىدېنت بوشنىڭ قاتتىق قوللار ئامېرىكىدا يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، - دەيدىغان ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىدى.
پرېزىدېنت بوش روسىيە بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگوغا تاقابىل تۇرىدىغان، جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ روسىيىگە تاقابىل تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەمەلى كۈچىنى ئاساس قىلىپ، روسىيە – جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى پارچىلاشنى قوشۇمچە قىلىپ ئەڭ ئاخىر روسىيە بىلەن جۇڭگونى ئىندەككە كەلتۈردى.

**خۇلاسە**

2001 – يىلى 12 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

بۇ يىل 5 – ئاينىڭ 22 – كۈنى دالاي لاما ۋاشىنگتۇننى زىيارەت قىلدى ۋە ئاقسارايدا پرېزىدېنت بوشنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا 5 – ئاينىڭ 13 – كۈنى تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن نيويورك شەھىرىدىن ئۆتكەندە سەنەتورلارنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. سىدىقھاجى روزى 5 – ئاينىڭ 8 – كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ياردەمچى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى مايكى فامپىلى ئەپەندىنىڭ ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۆزىن خانىمنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. 5 – ئاينىڭ 9 – كۈنى چۈشتىن كېيىن سىدىقھاجى روزى سەنەتور ئەپەندىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ۋە بىللە سۈرەتكە چۈشتى. 5 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئۈرۈمچىدە خىتاي ساقچىلىرى «رابىيە قادىر سودا سارىيى»غا ھۇجۇم قىلىپ ئاچام ھەجەر قادىرنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئوغلىمىز ئالىمنى ئۇرۇپ خورلىدى، سارايىنىڭ ئىشىك دېرىزىلىرىنى ئۇرۇپ چاقتى. 5 – ئاينىڭ 15 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى قاتناشقان گۇۋاھلىق ئېلىش گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا، سىدىقھاجى روزى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا، رەپىقەم رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تاشقى سىياستى كونا مەسىلە تەيۋەنگە، كونا مەسىلە تىبەتكە قارىتىلغاندىن باشقا ئەمدى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تاشقى سىياستى يېڭى مەسىلە ئۇيغۇرىستان — ئۇيغۇرلارغا يۈزلەندى. تىبەت مەسىلىسى، تەيۋەن مەسىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىدە ئوخشاش ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ

ئۆستگە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئەپەندى 12 – ئاينىڭ 7 – كۈنى؛ ئامېرىكا، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى تېررورىست تەشكىلاتلار دەپ قارىمايدۇ، ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق» دەپ كۆرسەتتى. قانداق ئوينايدۇ، هە، ئامېرىكىلىقلار سىياسەت دېگەننى نېمىدېگەن گۈزەل ئوينايدۇ، هە!

باشتا كۆرۈپ ئۆتكەندەك 7 – ئاينىڭ 16 – كۈنى جياڭ زېمىن بىلەن روسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن موسكۋادا «جۇڭگو – روسىيە دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. شەرتنامە ئىمزالاشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ، شەرتنامە ئىمزالاشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىق باسقۇچىدا كونكرېت مەسىلىلەر بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە جۇڭگو تەرەپ : «تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دەيدىغان مۇتىھەمنىڭ مەنتەقىسىگە ئاساسلانغان سىياسى تەلەپلەرنى ماددىلاشتۇرۇپ «جۇڭگو، روسىيە دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نىڭ مەزمۇنىغا ياكى بىر ماددىسىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، روسىيە تەرەپ :«تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دېگەن ئىبارىگە قوشۇلۇپ «تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دېگەن ئىبارىنى «جۇڭگو، روسىيە دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»گە بىر ماددا قىلىپ كىرگۈزۈشنى كەسكىن رەت قىلدى. قالتىس ئىشقۇ، بۇ!؟ روسىيىنىڭ بۇ خىل سىياسى مەيدانى قالتىس سىياسى مەيدان ئەمەسمۇ؟ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە ساھەسىدە، بۇنداق سىياسى هادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، بولۇپمۇ هازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالامدۇ؟ روسىيە، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە ئىمزالاندى. بىراق «تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دېگەن بىر ماددا شەرتنامىگە كىرگۈزۈلمىدى.

ۋاقىت 9 – ئايغا يېتىپ كەلگەندە، تەيۋەنلىك مۇرتەد خىتايلار، تەيۋەننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش

ھەرىكىتىنى قوزغاپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل «سان فرانسىسكو خىتاپنامىسى» ئىمزالانغىنىغا توپتوغرا 50 يىل توشقان يىل ئىدى. بۇ خىتاپنامىدا قەيت قىلىنغان «تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنى بېكىتىلمىدى» دېگەن بىر ماددا، مۇستەقىل تەيۋەن تەرەپتارلىرىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلگەن. 1950 – يىلى كورىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى تېرومىن «تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنىنى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، بىخەتەرلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ياپونىيە بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئويلىشىپ بېكىتىدۇ» دېگەن. ئامېرىكا بىرقانچە قېتىم چارە ئويلاپ تەيۋەننى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئومۇمى خەلق بېلەت تاشلاش رەسمىيىتى ئارقىلىق تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشىغا يول قويۇپ جۇڭگودىن يىراق تۇرۇشنى ئويلاشقانتى .

لېكىن جۇڭگودا كوممۇنىست خىتايلاردىن يېڭىلگەن خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى — جياڭ جېشى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنى تەيۋەننىڭ يۆتكەپ كەتكەنلىكتىن يۇقىرىقى پىلان ئىشقا ئاشماي قالغان. «ئىچكى ئۇرۇشنىڭ داۋامى دېگەننى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئامېرىكا، ياپونىيە دۆلەتلىرى 1951 – يىلى «سان فرانسىسكو شەرتنامىسى»نى ئىمزالايدىغان چاغدا «تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنى بېكىتىلمىدى» نەزەرىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياپونىيە: «تەيۋەن، فىڭخو تاقىم ئاراللىرىغا ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بىراق، تەيۋەن بىلەن فىڭخو تاقىم ئاراللىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى كەسكىن رەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا قانۇنلاردا «تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنى بېكىتىلمىدى» دېگەن قانۇنلۇق بىر ماددا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى. «سان فرانسىسكو شەرتنامىسى» ئىمزالىنىدىغان چاغدا مەيلى

كوممۇنىست خىتايلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگو بولسۇن ياكى گومىنداڭ خىتايلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسۇن سان فرانسىسكو خەلقئارا يىغىنىغا قاتنىشىشنىڭ يېتەرلىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. (تەيۋەنگە ئالاقىدار) شۇ كۈندىن باشلاپ ئامېرىكا، ياپونىيە دۆلەتلىرى «تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنى بېكىتىلمىدى» نەزەرىيىسىگە قانۇنى ئاساس تىكلىگەن. (ياپونىيە پارلامېنتى بىلەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا «سان فرانسىسكو شەرتنامىسى»نى تەستىقلىغان) تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەيدا، ماۋۇ خىتاي! بۈگۈنكى مۇستەقىل تەيۋەنچىلەر 50 يىل بۇرۇنقى «سان فرانسىسكو شەرتنامىسى»نىڭ قانۇنلۇق ئاساسلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، 50 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەيۋەن، مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بىر دۆلەتكە ئايلاندى، دېيىشتى. خەلقئارا قانۇنلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھالەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭلاشقا تەيۋەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنىڭ تولۇق ئاساسىغا ئىگە. 50 يىل بۇرۇن ئامېرىكا تەيۋەننىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ، ئومۇمى خەلق بىلەت تاشلاش ئارقىلىق مۇستەقىل بولۇش، دۆلەت قۇرۇش يولى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن پرىنسىپ، مۇستەقىللىقنى ۋە دۆلەت قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تولۇق پۈرسىتىگە ئىگە.

«سان فرانسىسكو شەرتنامىسى» تۈزۈلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرلەشكە شۇ كۈنلەرگە ماسلاشتۇرۇپ خاتىرلەشنىڭ ھارپا كۈنى ئامېرىكىدا دۆلەت مەجلىسىدە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئىككى پارتىيىگە تەئەللۇق 11 نەپەر ئەزاسى جۈملىدىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە ئەزا بولغان ئەسلى تەيۋەننىڭ ۋۇجىن ۋى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى 7 – كۈنى ئاۋام پالاتاسىغا لايىھە يوللاپ: «تەيۋەننىڭ ئىستىقبالىنى تاشقى تەھدىت، پوپوزا ۋە ئارىلىشىش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تەيۋەن خەلقىنىڭ ئۆزى بەلگىلىشى توغرىسىدا

ئامېرىكا تەرەپنىڭ كاپالەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ ئۆتكەن يىلى پەردىنىڭ كەينىدە ھەيدەكچىلىك قىلغان «تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن لايىھىسى»نىڭ ھەرقايسى ماددىلىرىنىڭ تەبئىي داۋامى بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرىگەنسېرى ئامېرىكىدا تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش ۋە قوغداش ئارزۇلىرىمۇ كۈچىيىپ باردى. نۆۋەتتە ئامېرىكىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا سولچىلار، ئوڭچىلار بىرلىكتە جۇڭگونى قورشاشنى تەرغىپ قىلىدىغان كۈچلەر ئۆلغىيىشقا باشلىدى. گويا بۇ، بۇيۈك سەپەر 50 – يىللاردا باشلانغان روسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ بىزگە تونۇشلۇق يولىغا چۈشۈپ قالدى. تەيۋەن ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىنى ئۆلچەيدىغان سىناق تېشىغا ئايلىنىپ قالدى. ۋەزىيەت بارغانسېرى ئايدىڭلاشتىكى، بارلىق كۈچنى ئاسىياغا يۆتكەپ جۇڭگونى قورشاش پىرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىغا قويۇلدى، دېيىشتى ختاي مىللەتچىلىرى .
بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن 8 – ئايدا ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى خېۋېر: ئامېرىكا ئارمىيىسى ياۋرۇپادا ساقلاپ كەلگەن بىر قىسىم قوراللارنى ۋە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ئاسىياغا يۆتكەپ كېلىپ، پىرېزىدېنت بوش كۈنسايىن ئېتىبار بېرىۋاتقان تىنچ ئوكيان ئاسىيا ئىستراتېگىيىسىگە توغرىلايمىز، دېگەن . بۇنداق يۆتكەپ كېلىش تەييارلىقىنىڭ كۆلىمى زادى قانچىلىك؟ كىشىلەر بىر نېمە دېيەلمىسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، «ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرىغا سۆھبەت بايان قىلغاندا: جۇڭگو مۇشۇ ئەسىردە دەرىجىدىن تاشقىرى زومىگەر دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئامېرىكىغا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ، دېگەن. دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسىمۇ 8 – ئاينىڭ 24 – كۈنى ئوخشاش پىكىرنى تەكىتلىگەن. دېمەك شۇنداق بولغاندا ئامېرىكىنىڭ

جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشگە مۇناسىۋەتلىك يەر شارى خاراكتېرلىك سىياسەتلىرىمۇ تولۇق ئاشكارە بولدى، دېگەن سۆز.

**«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»**

2002 – يىلى 1 – ئاينىڭ 11 – كۈنى

ۋەقەدىن كېيىن پۈتۈن يەر شارى (خىتايدىن باشقا) شىمال ۋە جەنۇب، شەرق ۋە غەرب دەپ، ئايرىماي بىر ئورتاق دۈشمەنگە — تېررورىست ئەل – قائىدە تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئوساما بىن لادىنغا دۈچ كەلدى. لېكىن ئافغانىستان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تالىبانلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئوساما بىن لادىننىڭ تىرىكلىكى ياكى ئۆلگەنلىكى تېخى مەلۇم بولماي تۇرۇپلا تېررورىزىمدىن ئىبارەت بۇ نىشان يەر شارىدا غۇۋالىششقا باشلىدى. تېررورىزىمغا قارشى خەلقئارا ئىتتىپاقا پارچىلىنىپ، تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۆزگىرىپ، قارشى تۇرۇش دۇنياۋى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىستراتېگىيىلىك ئېلىشىش ۋاستىسىغا ئايلاندى. روسىيە بىلەن جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» يېقىندا تۇنجى قېتىملىق تاشقى ئىشلار مىنىسترلىرى يىغىنى چاقىرىپ، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە، ئاتالمىش تېررورىستلار، رادىكالىستلار قاتارلىق ئاتالمىش ئۈچ خىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مەخسەتلىك قاراتمىلىقتا ئىگە باياناتىدا: تېررورىزىمنىڭ كونكرېت مىللى دىنى ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ، تېررورىزىمغا قارشى ھەرىكەت قىلغاندا بىر تەرەپلىمىلىك قوش ئۆلچەم بولماسلىقى كېرەك، دېدى.

بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى دىچارد بېروچېر

ئامېرىكىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم قويغانلىقىنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: سىياسى ئامىللار ئۈچۈن گۇناھسىزلارنى ئۆلتۈرۈش بۇ — تېررورىزىملىق ھەرىكەتتۇر، ئامېرىكا

بۇنداق قىلمىشقىمۇ ھەم قارشى تۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. (شۇبھىسىزكى باياناتچىنىڭ باياناتى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا سۆزلىنىۋاتاتتى.)
ئوتتۇرا ئاسىيادا يايلاق مىللەتلىرى قۇرغان دۆلەتلەر ۋە روسىيە بىلەن جۇڭگو بىرلىشىپ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە (ئۇيغۇرلارغا) دىنىي رادىكالىستلارغا (ئۇيغۇرلارغا) تېرروستلارغا (ئۇيغۇرلارغا) قارشى تۇرماقچى، زەربە بەرمەكچى، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تۈگەتمەكچى بولۇشتى. قىسقىسى بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرۇشتى .
ئامېرىكا مۇشتەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىنى تېررورىست دېمىگەنلىكى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئاغرىنىپ بېرىپ، «قوش ئۆلچەم» ئىشلەتتى، دەپ ئامېرىكىغا دارتمىلدى. بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى دىچارد بېروچېر «سىياسى ئامىللار ئۈچۈن گۇناھسىزلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش — بۇ تېررورىزىملىق ھەرىكەتتۇر، ئامېرىكا بۇنىڭغىمۇ ھەم قارشى تۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتكەندە، بۇ دېگەنلىك، ئۇيغۇرلار تېررورىست ئەمەس، سىياسى ئامىللار ئۈچۈن گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەن جۇڭگو، تېررورىست — دۆلەت تېررورىزىمنى يولغا قويغان جۇڭگو ھەقىقى تېررورىست دېگەنلىكى ئىدى.
باشقا دۆلەتلەر مەسىلەن، ھىندىستان ئۆچۈن ئېيتقاندا، كەشمىر پاكىستاندىكى ئىسلامىك تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى تېررورىست ھېسابلاندى، روسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى چېچەنلەر تېررورىست ھېسابلاندى، جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى تېررورىست ھېسابلاندى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى شۇنداق دەپ، قارىلدى. تارىخنى ئۇنتۇپ قالغان جۇڭگولۇقلار ئەمەلىيەتتە نومۇسنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان جۇڭگولۇقلار ئەمەسمىدى؟

ياپونيه شەرقي – شىمالدا قۇرۇقلۇقتا چىقماندا، ياپونيه شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلغاندا قارشى تۇرغان خىتايلار تېرروررىستلار ھېسابلانغانمىدى؟ شۇ چاغدا، ياپونيه ئارمىيىسى قارشىلىق كۆرسەتكەن خىتايلارنى تېرروررىست دەپ، ئەيىپلىگەنمىدى؟ ئۇنداقتا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن خىتايلارغا قارشى تۇرغان ئۇيغۇرلار نېمىشقا تېرروررىست بولۇپ قالدى؟

ئىرقى، مىللى كەمسىتىشتىن ئىبارەت زىددىيەتلەر ھازىرقى دۇنيادا تېرروررىزىم قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەكمۇ ياكى سىياسى يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ ئەكسىچە كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى، زوراۋانلار بىچارىلەرنى بوزەك قىلىدىغان بولسا، مىللى ئۆچمەنلىكنى ئىزگۇ ۋاستىلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا، ئادەتتىكى ئۆچمەنلىكنىمۇ بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆچمەنلىك تېخىمۇ كۈچىيدۇ، زوراۋانلىق تېخىمۇ ۋەھشىلىشىدۇ.

«شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەر تېرروررىزىمغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقماندىن باشقا ھەتتا بۇ بايراقنى ئامېرىكىنىڭ تېرروررىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرمەكچى بولۇشتى. بىراق، بۇنداق نىيەتنىڭ كەينىدىكى مەقسەت شۇنىڭ بىلەنلا تۈگەللەنمەيتتى.

«نيورىك ۋاقىت گېزىتى» ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بۇ قېتىمقى يىغىن روسيه بىلەن جۇڭگونىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قارشىلىشىش پەيدا قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكىنىڭ تەسىرى كۈچىنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلىمەكچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ئۇرۇشتىن كېيىن ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربىي بازا قۇرۇشنى كېڭەيتىپ، ئىككىنچى قېتىم زەربە بېرىدىغان نىشانغا قارىتىلغان ھەربىي پوپوزا كۈچىنى ساقلاپ قېلىشى، ئىرقىسىغا مىخ قاققاندەك ھېس قىلغان جۇڭگو بىلەن روسيىنى خاتىرجەمسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇ

پەيتلەردە ئامېرىكىنىڭ 1972 – يىلى روسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا يادرو قورالللىرىغا ئائىت ئىمزالانغان شەرتنامىدىن چېكىلىپ چىقىشى — يادرو قورالللىرىنى قايتا سىناق قىلىشتىن بىشارەت بەرگەندە، بۇنىڭ مەنىسى تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشتىن ھالقىپ كەتتى. چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا قارشىلىشىش ۋە ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ كۆلىمىگە زور تەسىر كۆرسەتتى دەپ يازدى.

ئامېرىكا يەر شارىدا تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆتكەندە يەر شارىدا ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئۆزىنىڭ مەجبۇرى ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش سىياستى ئارقىلىق مىللى ئۆچمەنلىكنى ئۇيغۇرلارغا قاراتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دىنى ئۆچمەنلىكنى ھەرگىز يوشۇرالمايدۇ. پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئىچىدە ئامېرىكىغا قارشى مىللەتچىلىككە قۇتۇراتقاندىمۇ نەپكە ئېرىشىش بۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ، خالاس .

**ۋەزىيەتكە تەھلىل**

2002 – يىلى 1 – ئاينىڭ 24 – كۈنى

سابىق پرېزىدېنت كلىنتۇننىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى بېيجىڭ تەرەپكە ئېغىش — سابىق پرېزىدېنت كلىنتۇن جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك شىرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا قوشۇلۇپلا قالماستىن بەلكى، ئەڭ سەزگۈر تەيۋەن مەسلىسى بويىچە بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا تەيۋەننى ئۈچ جەھەتتە قوللىماسلىق توغرىسىدا ئاغزاكى ۋەدە بەرگەن. ئەمدى پرېزىدېنت بوشنىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى توكيوغا، سئول تەرەپكە ئاغدى. ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بېيجىڭنى قورشاش، جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى مەنپەئىتىگە ھەتتا، يەر شارى خاراكتېرلىك مەنپەئىتىگە زىيان ۋە تەھدىت سېلىشىدىن ساقلىنىش، تەيۋەن

مەسلىسى بويىچە تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چىن شۈي بيەننىڭ نيورىكتىن ئۆتۈشكە يول قويۇپ، رەسمىيەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ تەيۋەننىڭ خەلقئارا ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — پرېزىدېنت بۇشنىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى بولۇپ ئىپادىلەندى.

لېكىن كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر تەرەپ شۇكى، بېيجىڭ پەرەست سابىق پرېزىدېنت كلىنتون ئىككىنچى قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان. بېيجىڭ بىلەن تېخىمۇ تىچ ئېلىشىدىغان پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى بىر يىل ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم يەنە بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشقا تەييارلاندى. ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرى: پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى جياڭ زېمىن بىلەن ئالىلقاچان خۇسۇسى مۇناسىۋەت ئورناتتى دەپ، ئاشكارە جاكارلىدى، بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە بىر خىل سىرلىق پەردە تاشلىدى. جۇڭگونىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى كۆرسەتمەي يوشۇرۇن ھېلە – مىكىرلىرىگە ئائىت ئامېرىكا سىياستى يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىيىدە ئىناۋىتىنى كەتكۈزمەسلىكنى ئەۋزەل ئورۇنغا قويغان بولسا، ۋاشىنگتون، بېيجىڭ تەرەپكە يۈز – خاتىرە قىلىش ئاساسىدا بېيجىڭنى تەسلىم قىلدى. بۇنداق ئاجايىپ – غارايىپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى، ئەلۋەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى كۈي، سىياسى كۈچى ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئۈچ پارچە ئاخبارات «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى» قاتارلىق ئاساسلار ئۈستىگە تىكلەنگەن بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلى كۈچىدە ئۆزگىرىش بولغان ھامان ياكى جۇڭگو بىلەن تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ مۇۋازىنەتى بۇزۇلغان ھامان، ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە يەنە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى ئېنىقمىغا يېقىن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگوغا يۈز – خاتىر قىلىش يۈزىسىدىن ئاقسارايى پرېزىدېنت بۇشنىڭ بېيجىڭ زىيارىتىنى سابىق پرېزىدېنت نىكسون بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتقا 30 يىل توشقان كۈنلەرگە

ئورۇنلاشتۇرۇپ كىشلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. بۇ، يۈز – خاتىر قىلىشمىدۇ ياكى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ بىر دەۋرى — بىر دەۋىر ئاخىرلاشتى، ئەمدى ئىشنى يېڭىدىن باشلايمىز دېگەنلىكمىدى؟ ئوخشاشلا «تيەنئەنمىن قىرغىنچىلىقى»دىن كېيىن جۇڭگوغا قارىتىلغان جازالاش سىياسىتىمۇ شۇ كۈنى بىكار قىلىندى. بىراق، ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە يەنىلا ئامېرىكا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شياڭگاڭدا نۇتۇق سۆزلىگەندە: جۇڭگونىڭ كىشلىك ھوقۇق خاتىرىسى، تەيۋەن مەسلىسى، تىبەت مەسلىسى، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان مەسلىسى، ھەربىي قورال – ياراغلارنىڭ تارقىلىپ كېتىش مەسلىسى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئوتتۇرىغا مەلۇمات تاشلاپ جۇڭگو تەرەپنىڭ، ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئوڭشۇلۇق بولۇشى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى ئاكتىپ قورشاۋغا ئالماسلىقى، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئىقتىسادى مۇقىم گۈللىنىدىغان ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ يول قويىدىغان قىياپەت كۆرسىتىشنى تولۇق چۈشىنەتتى. شۇ ئارقىلىق پرېزىدېنت بوشنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشنى ئامېرىكىدا ئوڭچىلارنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالاتتى.

كىشلىك ھوقۇق مەسلىسىدە بېيجىڭ شائىر بى داۋنىڭ تۇققان يوقلاش ئۈچۈن جۇڭگوغا بېرىشىغا يول قويدى. بىر نەپەر تىبەتلىك سىياسى مەھبۇسنى يېقىندىلا تۈرمىدىن قويۇپ بەردى. تەيۋەن مەسلىسى بويىچە شۇ ئىشلارغا ئالاقىدار جۇڭگولۇق رەھبەر جۇ مىڭ ۋى ۋاشىنگتۇننى زىيارەت قىلىپ، بېيجىڭ بىلەن تەيۋەننىڭ ئۇچرىشىشىغا ئارقا ئىشىك تەييارلىغاندەك بولدى. ھەتتا، بېيجىڭ پرېزىدېنت بوشنىڭ راكىتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا ئەۋرىشىم پوزىتسىيە قوللاندى، ئەلۋەتتە. بېيجىڭ ۋاشىنگتونغا يول

قويۇشى مەقسەتسىز ئەمەس ئىدى. پرېزىدېنت بوش بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندە بېيجىڭ تەلەپ قىلىدىغاننى يەنىلا تەلەپ قىلالىتتى، ئۇ نېمە ئىدى؟ ئاۋۋال مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىنىڭ ئەلقائىدە تەشكىلاتىغا ئوخشاش تېرروررىست تەشكىلات ئىكەنلىكىنى پرېزىدېنت بوش تەن ئېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى قانۇنلۇق بولىۋېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بېيجىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مۇستەقىللىقىغا ئېنىق قارشى تۇرۇشىنى تەلەپ قىلالىتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن بېيجىڭ پرېزىدېنت بوشنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتتە مودا بولۇپ كەتكەن «جۇڭگو تەھدىتى نەزەرىيىسى»نى ئۈزۈل – كېسىل تارمار قىلىپ، بېيجىڭ ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتتە پايدىلىق مۇھىت يارىتىشنى ئۈمىد قىلالىتتى.

مەخپىي سۆھبەتتە جياڭ زېمىن قانچىلىك يول قويىدى، پرېزىدېنت بوش يەنە قانچىلىك يول قويىدى، بۇ بىزگە نامەلۇم !

ئىشقا ئاشمىغان قالتىس ئىش

2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

«فرانسىيە ئاگېنتلىقى»نىڭ لوندۇندىن تارقاتقان بىر پارچە خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، «تايمىس گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يېقىندا ئافغانىستانغا چېگرالىنىدىغان رايون (شىنجاڭ)دا ھەربىي بازا قۇرۇپ، ھەربىي قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئافغانىستانغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ماددى ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئىشلىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

«تايمىس گېزىتى» بۇ ھەرىكەت تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەرىكەت دەپ، باھا بەردى. بۇ گېزىت ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلدارلىرىنىڭ

سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: بېيجىڭ بۇنداق مۇمكىنلىكنى چەتكە قاقمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
ئەگەر بېيجىڭ ئەنگلىيىنىڭ «شىنجاڭ»دا ھەربىي بازا قۇرۇشىغا ماقۇل دەيدىغانلا بولسا، 1940 – يىللاردىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئايروپىلانلىرى مۇستەملىككە ئۇيغۇرستانغا كىرگەن بولىدۇ.

**«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»**

2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

بۈگۈن مېنىڭ ھاياتىمدا ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىش يۈز بەردى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ نيۇيورك شەھىرى باش شتابىدا، شۇ تەشكىلاتنىڭ ئاسىيا بۆلۈمگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدىغان مېكى خانىم ماڭا تېلېفون بېرىپ:
— رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا، تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشى ۋە پرېزىدېنت بوشنىڭ ياردەم قىلىشى توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغىن دەپ ھاۋالە قىلدى. بۇ خەتنى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»دە ئېلان قىلىمىز، ئەمما بۇ توغرىدا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرغا سۆزلەپ سالمىغىن دەپ قوشۇمچە قىلدى، مېكى          خانىم .
ھەيران قالدىم. دېمەك ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان، ئەمەلىيەتتە خىتايغا خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مېنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە «چېقىپ» قويغانلىقى مېكى          خانىمنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە مېكى خانىمنىڭ بەزى ئۇيغۇر تىللىق ئادەملەرنىڭ قانداق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانلىقىمۇ مېكى خانىمنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولدى. ئەگەر مېنىڭ پرېزىدېنت بوشقا رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغانلىقىمنى، بۇ خەتنىڭ «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى بىر ئۇيغۇر بىلىپ قالىدىغان

بولسا دەرھال بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ماڭا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا مېكى          خانىم سەزگۈر ئىكەن.

خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

ھۆرمەتلىك پرېزىدېنت بوش ئەپەندى دەپ، باشلىدىم يازغان خېتىمنى. مېنىڭ ۋەتىنىم ئۇيغۇرستان، خىتايلار ۋە ۋەتەنىنىڭ ئىسمىنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتايدۇ. تۈركلەر بۇ ۋەتەنىنىڭ ئىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتايدۇ. مېنىڭ ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ئامېرىكىغا ئورتا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرستان ئۆلكىسىدىن كەلدىم. ئامېرىكىدا سىياسى پاناھلىق تىلىدىم. ئامېرىكا خەلقىنىڭ سىياسى پاناھلىق بېرىشىگە ئېرىشتىم.

خىتاينىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقى ۋە مىللى سىياسىتىگە قارشى نامايىش تەشكىللىگەنلىكىم ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى تۈرمىگە توققۇز يىل قاماپ قويغان ئىدى.

يېقىندا بىرقانچە پارچە ماقالە يېزىپ خىتاي تارىخشۇناسلىرىنى تەنقىد قىلغان ئىدىم. ئىسمىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالدى. خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قېچىپ ئامېرىكىغا كەلدىم. مېنىڭ ئايالىم رابىيە قادىر سودا – تىجارەتتە غەلىبە قىلغان ئايال ئىدى. كوچىلاردا ئوچۇق – ئاشكارا سېتىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىر ماڭا پوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى ئۆيۈمگە يوللاپ بەرگەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى چەت ئەلگە ئاخبارات يوللىدى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ قولغا ئېلىپ ئايالىم رابىيە قادىرغا سەككىز يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. ئەنسىرەيمەن، ئايالىمنىڭ تۈرمىدە سالامەتلىكىنىڭ قانداق بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، تۈرمىدە جىنايەتچىلەرگە خىتاي ھۆكۈمىتى تويغۇدەك تاماق بەرمەيدۇ، شۇڭا ئايالىمنىڭ خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ياردەم

قىلىش پرىنسىپى بوش ئەمەس. ئايالىم رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بېرىش پرىنسىپى بوش ئەمەس.
ئەسلى ئۇيغۇرچە ئورگىنالىنى يوقىتىپ قويدۇم. بۇ خەتنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 16 – كۈنى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ 21 – بېتىدە بىرىستوندا بېسىلىپ چىقتى.
سەكرىدىم، چاقىرىدىم، ۋاقىرىدىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، پرىنسىپ بوشقا يازغان خېتىم «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئىدى. سىدىقھاجى روزىنىڭ سىياسى قەدەملىرى مەزمۇت تاشلانغان سىياسى قەدەملەرگە ئايلىنىۋاتاتتى. خۇشال بولالمىدىم. چۈنكى، بىرلىكتە خۇشال بولىدىغان ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ئىدى.

**«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»**

2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنى

بۇ گېزىت مۇخبىرىنىڭ 20 – كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان جۇڭگونىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارى، بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق چەت ئەللىك دىپلوماتلارغا: «كەلگۈسى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە بىر تۈركۈم ئاتاقلىق سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە پرىنسىپ بوش بېيجىڭنى زىيارەت قىلىش مەزگىللىرىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا لۇكچەك دۆلەتلەرگە قورال – ياراغ تېخنىكىسىنى ئېكسپورت قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاشنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن .
چەت ئەللىك دىپلوماتلار: سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ياكى ھەربىي قورال – ياراغ تېخنىكىسىنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش كېلىشىمى ئىمزالاش قاتارلىق ۋەدىلەرگە يۈزدە – يۈز پىرسەنت كاپالەت قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن بېيجىڭ ـــ پرىنسىپ بوشنىڭ تۇنجى

قېتىملىق رەسمى زىيارىتىنى ئۇگۇشلۇق تاماملىنىشى ئۇچۇن (ئاۋۋال شاڭخەيىنى زىيارەت قىلغان بۇ رەسمى زىيارەت ئەمەس ئىدى) ئامېرىكىنىڭ تېررورىستلارغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇشىنى قوللىغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاجىز ھالەتتە تۇرغان جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۇچۇن شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەلدى، دېيىشتى.

پرېزىدېنت بوش بېيجىڭنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىللەردىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىككى تەرەپ يەنە باشقا مەسىلىلەر بويىچە ھەمكارلىشىدىغان قىياپەتلىرىنى كۆرسىتىشلىرى مۇمكىن.

بېيجىڭ «فىدىرال تەكشۈرۈش» ئىدارىسىنىڭ بېيجىڭدە ئىشخانا قۇرۇشىغا ئاللىقاچان قوشۇلدى. ئامېرىكا 10 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، جۇڭگونىڭ قانۇن قۇرۇلۇشىغا، ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ئېكولوگىيە بويىچە ياردەملىشىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش پىلانىغا قوشۇلدى.

ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى دۇچ كەلگەن سىناق — ئامېرىكىنىڭ ئىران، ئىراق، شىمالىي كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلەتكەن پوزىتسىيىسىگە، بېيجىڭنىڭ قانداق پوزىتسىيە قوللىنىشى ئىدى.

پرېزىدېنت بوش جۇڭگونىڭ بۇ لۈكچەك دۆلەتلەرگە يادرو قوراللىرى ۋە راكېتا تېخنىكىسى ئېكسپورت قىلىشنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئىككى دۆلەت مۇشۇ مەسىلە بويىچە كېلىشىم ئىمزالىشى مۇمكىن .

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بىر ئەمەلدار:«ئەگەر ئامېرىكا، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ راكېتا قويۇپ بېرىش سۇنئىي ھەمرالىرىدىن پايدىلىنىپ، راكېتا قويۇپ بېرىشنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلا بولسا، بېيجىڭ يول قويۇپ، قورال – ياراغلارنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش ۋە ئىجرا قىلىش چارىلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئائىت بىر پارچە ھۆججەت بىلەن ئامېرىكىنى تەمىنلەيدۇ» دېدى.

جۇڭگو ئەمەلدارلىرى يەنە : «بېيجىڭ يېڭى قانۇن لايىھە تۈزۈپ، مەخپىي دىنى تەشكىلاتلارنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تىزىملىتىش، بىر تۈركۈم داڭلىق سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى پىلانلىدى، دەپ كۆرسەتتى .

ئۇلار دەپ، يازدى «ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى» ختايدا قولغا ئېلىنغان كاتولىك دىنى مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ باش روھانىسى شوجى مىن، تىبەتنىڭ لاماسى ساڭ بوجى مېسى، «جۇڭگو دېموكراتىلار پارتىيىسى» تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلاتچىسى شۇ ۋىنلى، ئامېرىكىلىق سودىگەر لىيو يا پىڭ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئايال سودىگەر رابىيە قادىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

**«ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى»**

2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 22 – كۈنى

بۈگۈن تۆت بالام ئۈچ مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ ئوكلوخوما شتاتىدىن ۋاشىنگتۇن شەھرىگە يېتىپ كەلدى. «ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئەپەندى باللىرىمنى چاقىرىپ ئوكلوخوما شتاتىدىن ۋاشىنگتۇنغا ئېلىپ كەلدى. ئايروپىلانغا ئولتۇرسا بولاتتى بىراق، بىر كىشى 700 دوللارغا بېلەت ئېلىشى كېرەك، پۇلۇم يوق. باللىرىم ماشىنا ھەيدەپ ئانىسى رابىيە قادىر ئۈچۈن، ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى داۋا قىلىش ئۈچۈن ۋاشىنگتۇنغا كەلدى. مېنى چاقىرمىدى، ئانا – بالا مۇناسىۋىتى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە تازا باب كېلىدىغان مۇناسىۋەت بولسا، ئەر – ئايال بىر ئۆيلۈك كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىچۇ؟ بۇ مۇناسىۋەتمۇ تازا باب كېلەتتى، بىراق، مەن ئامېرىكىدا رادىئوغا تولا سۆزلەپ ختاينىڭ نەزەرىدە سىياسى ئادەم بولۇپ قالدىم. 2001 – يىلى 1 – ئاينىڭ 7 – كۈنى «كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى مېكى

خانىم، مېنىڭ رادىئوغا سۆزلىمەي تۇرۇشۇمنى شۇ ئارقىلىق ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، رابىيە قادىر توغرۇلۇق سۆھبەتكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى يەنى سۆھبەتكە كاشىلا پەيدا قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەن شۇ كۈندىن باشلاپ تاكى 2005 – يىلىغىچە رادىئوغا سۆزلەشتىن توختاپ قالغان ئىدىم. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ سىياسى ئادەم بولۇپ قالدىم. ئۇ قىلمىشىم كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتتىمۇ بىلمىدىم. بۇ قېتىم مېنى ۋاشىنگتونغا گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرماي تۆت بالامنى چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى سىياسى ئادەمگە قىزىقمايتتى. قىزىقى شۇ يەردىكى، شۇنداق ئادەملەرنى تەربىيلەپ سىياسى قاتارغا قوشىدىغانلارمۇ يەنىلا شۇ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئىدى. زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

«ئومۇمى كېچىرىم» كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ مېنى قالدۇرۇپ قويۇپ باللىرىمنى ۋاشىنگتونغا ئېلىپ كېتىشى يەنە بۇنداق بىر رېئاللىقنى — كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە مېنىڭ بارلىق پائالىيىتىمگە، خۇسۇسى ئىشلىرىمغا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئىگىلەيدىغان ماتېرىيال، سوئال – جاۋابلارغا قىسقىسى ماڭا «كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق  تەشكىلاتى مەسئۇل بولغان بىر رېئاللىقنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. بىر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قولغا ئېلىپ ئىشلىگەن ئىشنى ئىككىنچى بىر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قولغا ئېلىپ ئىشلىمەيتتى. بىرى ماڭا مەسئۇل بولسا ئىككىنچى بىرى ماڭا مەسئۇل بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش بەلكى ئومۇمى قائىدە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن «ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىمۇ، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىمۇ ئوخشاشلا ماڭا ئىگە بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا

«ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى باللىرىمغا مەسئۇل بولۇپ ئانىسى رابىيە قادىر توغرىسىدا سوئال سوراپ ئىش بېجىرگەندە «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ماڭا مەسئۇل بولدى. قولۇمغا ماتېرىيال چۈشكەن ھامان يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ھەر ئىككى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا يوللاپ تۇردۇم.

— ئۇنداق قىلما، دېيىشتى. لېكىن ئۇكىمىز ئەكبەر مىجىتنىڭ ئەنگلىيىلىك ئايالى سالى خانىم مېنى ئاقلاپ تۇردى:

— قانداق قىلىدۇ، ئايالى رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۆز – ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرمامدۇ، - دېدى.

باللىرىم ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى. 2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 19 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە رابىيە قادىر توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ باللىرىم ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. باللىرىم 2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنى رادىئو – تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ، مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. 2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 21 – كۈنى ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى نورا بوستانى خانىمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن باللىرىم «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى» ئىدارىسى مۇخبىرلار ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا مۇخبىر نورا بوستانى خانىمنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

مۇخبىر نورا بوستانى (ئەسلى دۆلىتى ئىئوردانىيە) خانىم مېنىڭ باللىرىمنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن رەتلەنگەن زىيارەت خاتىرىسى 2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 22 – كۈنى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ خەلقئارا بېتى (21 – بېتىدە) چوڭ ھەجىملىك ستوندا بېسىلىپ چىقتى. ستوننىڭ باش تىتونىغا تۆت بالامنىڭ سۈرئىتى بېرىلدى، ئوڭ تەرەپ ستونغا پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى

جياڭ زېمىننىڭ بېيجىڭدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا (21 – كۈنى) تارتىلغان سۈرئىتى بېسىلدى. مۇخبىر نورا بوستانى خانىم زىيارەت خاتىرىسىگە «ئاۋانگارد باشلامچى ئايال سىياسى مەھبۇس بولۇپ قالدى» دەپ ماۋزۇ قويدى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۈرئىتى چۈشۈرۈلگەن ماقالىغا «ئوچۇق – يورۇق سۆزلىشىش، لېكىن نەخ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش» دەپ ماۋزۇ قويۇلدى. سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار، بۇ نېمە ئىش! گېزىت ساقلاپ قويۇلدى.
باشتا مېنىڭ پرېزىدېنت بوشقا يازغان خېتىم «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»دە بېسىلىپ چىقتى دېگەن ئىدىم. ئەمدى مۇخبىر نورا بوستانى خانىمنىڭ مېنىڭ بالىلىرىمنى زىيارەت قىلغانلىقى، زىيارەت خاتىرىسىنىڭ «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»دە بېسىلىپ چىققانلىقىنى سۆزلىدىم. دىققەت قىلىڭلار ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! بۇ خەۋەر ئامېرىكا خەلقى ئۇيغۇرلارغا ئېچىپ بەرگەن رادىئودا تىلغا ئېلىنمىدى، خەۋەر قىلىنمىدى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى، خۇددى بۇ خەۋەرنى كۆرمىگەندەك، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغاندەك تىم – تاس بولۇشۇۋالدى. ئېھتىمال خىتاينىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسى بۇ خەۋەرنى رادىئودا ئاڭلىتىشقا قوشۇلمىغان بولسا كېرەك.

**دەينېل برول**

2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 24 – كۈنى

مۇخبىرلار چەت ئەللەردە ئۆزى تەييارلىغان ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ ئەمەلى پاكىتلىرىنى تولۇق ئاشكارىلاشنى مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ، بىلىدۇ. ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆلىشكە – تىرىلىشكە باقمايدۇ. ۋەزىپە ئادا قىلىش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن مۇخبىرلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىراق، تۇتۇپ كېتىش گۆرۈگە ئېلىش ۋە قىيناشتىن كېيىن ئاخىرىدا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن مۇخبىرلارنىڭ پاجىئەلىرى ئاز كۆرۈلگەن ئىدى. بۇ پاجىئە خەۋەر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن خەلقئارا

مۇخبىرلار، ئاخباراتچىلار ئازابلىنىپ، ھېسداشلىق قىلىپلا قالماستىن، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىمۇ، تەبىئىي ياۋۇز تۈرەلگەن بۇ قارا يۈرەك تېررورىستلارنى ئەيىپلىدى. بۇ ۋەقە تېررورىستلار بىلەن ئادالەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى بىر خىل ئېلىشىشقا ئايلىنىپ قالدى.
38 ياشلىق مۇخبىر دەينېل بىرول «ۋۇل سىچىدويىت گېزىتى» جەنۇبىي ئاسىيا مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. داۋاملىق ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدە مۇخبىرلىق قىلاتتى. «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن پاكىستانغا مۇخبىرلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇساما بىن لادىن رەھبەرلىكىدىكى تېررورىستلارنىڭ پائالىيىتىنى خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇۋالغانىكەن. ئۆتكەن يىلى 2001 – يىلى 12 – ئايدا ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىدىكى بىر نەپەر گۇمانلىق تېررورىست فرانسىيە ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ مەي ئامى شەھىرىگە كەلگۈچە پۈتىدىكى ئاياقنىڭ ئىچىدىن پارتلاتقۇچ بومبا بايقىلىپ، ئايروپىلاننى پارتلاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. بۇ دېلونىڭ كەينىدە چوقۇم قاراقول بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان دەينېل بىرول ئەپەندى، مەلۇمات بەرمەكچى بولغان كىشى بىلەن پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە بىر مېھمانخانىدا ئۇچراشماقچى بولۇپ يېتىپ كەلگەندە 1 – ئاينىڭ 20 – كۈنى تېررورىستلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ئىز – دېرەكسىز غايىپ بولدى. 2 – ئاينىڭ 21 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى، ئامېرىكىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تاپشۇرۇۋالغان كاشىنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەينېل بىرولنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇ كۈنلەردە بېيجىڭدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بۇ ۋەقەدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە تېررورىستلارنى قاتتىق سۆز – ئىبارىلەر بىلەن ئەيىپلىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، دەرھال گۇمانلىق جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا پاكىستان ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويىدى. شۇ كۈنى ۋاشىنگتوندىن بۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر بىر ئامېرىكىلىق چەت ئەللەردە تۇتۇپ كېتىلىدىكەن، گۆرۈگە ئېلىنىدىكەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتايىن قاتتىق ۋاستىلەر، ھەتتا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش ئارقىلىق تۇتۇپ كېتىلگەنلەر، گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.
دەينېل بىرولنى زادى كىم ئۆلتۈردى؟ نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈردى؟ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پىرول قاچان، قەيەردە ئۆلتۈرۈلدى، كاستىتا ھەم ئېنىق جاۋاب بېرىلمىدى. لېكىن «پاكىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەشكىلاتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەشكىلات، بىرول ئەپەندىنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. بۇ تەشكىلات ئاۋۋال دەينېل بىرول ئىسلام دىنىغا قارشى يەھۇدى، دەپ كۆرسەتتى. كېيىن بۇ تەشكىلات — دەينېل بىرول ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى، ئىسرائىلىيە ئاخبارات ئورگىنى تەشكىلاتىنىڭ جاسۇسى، دېدى. لېكىن بۇ بەدناملارنى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى» بىردەك ئىنكار قىلدى.
ئامېرىكا، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر: پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدە ئاخبارات تارماقلىرىدا تالىبانلار ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار ئىدى. بۇ كىشىلەر پرېزىدېنت مۇشەرەپ ئامېرىكا پەرەست بولغاندىن كېيىن نارازى بولۇپ بۇ پاجىئەنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق پرېزىدېنت مۇشەرەپنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكمەكچى، ئامېرىكىغا ۋە خەلقئارا ئاخباراتچىلارغا تەھدىت سالماقچى بولدى، دېيىشتى. دەيېنل بىرولنى تۇتۇپ كەتكەنلەر تىلخەت ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن قولغا ئېلىنغان پاكىستانلىقلارنى قويۇپ بېرىشنى ۋە دەينېل بىرولنى قويۇپ بېرىش بەدىلىگە 2 مىليون دوللار بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپكە پىسەنتمۇ قىلمىدى. (پىسەنت قىلىدىغان بولسا دۆلەتنىڭ ئىناۋىتى قەيەردە قالىدۇ)

دەينېل برولنىڭ ئاتا – ئانىسى ئىسرائىللار بولۇپ خېلى بۇرۇنلا ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن، دادىسى لوس ئانجېلىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدى. دەينېل برول ئامېرىكىدا تۇغۇلغان، ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاخبارات ساھەسىدە خىزمەت ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئايالى يەتتە ئايلىق بالىغا ئېغىر ئاياغ ئىدى. بۇ ئايال دەينېل برولنى تۇتۇپ كەتكەنلىگەرگە قارىتىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭ ھاياتىغا تېگىشىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى... لېكىن ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى.
يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى يېزىق شەكلىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلەر، يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى تۆۋەندىكى ۋەقەلەرگە قوشۇپ سېلىشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭلارچۇ؟! ئىسلامچى تېررورىستلار 21 – كۈنى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە مۇخبىر دەينېل برولنى ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ، — يەھۇدىلار ئىسلام دىنىغا قارشى ئامېرىكا ئىسلامنىڭ دۈشمىنى، - دېدى.
دەل شۇ كۈنى مېنىڭ تۆت بالامنى «ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىرلار زىيارەت قىلدى. مېنىڭ خېنىم بالىلىرىمنىڭ ئانىسى مۇسۇلمان ئايال رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى، خىتاينىڭ تۈرمىسىدە تارتقان دەرد – ئەلەملىرىنى ئامېرىكا خەلقى مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقئالەمگە ئېلان قىلدى. گېزىت ئېنگلىز تىلىدا چىقاتتى. گېزىت ئامېرىكا خەلقىنىڭ گېزىتى، يەر شارىنىڭ سىياسىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان «ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى» ئىدى... بۇ ئامېرىكا ئىدى.
شۇنداق ئەمەسمۇ ئەپەندىلەر؟ مېنىڭ بالىلىرىم ئىسلامىك ئىدى، مېنىڭ ئايالىم رابىيە قادىر مۇسۇلمان ئايال ئىدى. مېنىڭ ئائىلەم مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر مىللىتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت ئىدى.
ئەگەر ئامېرىكىلىقلار ئىسلامغا قارشى، ئامېرىكا ئىسلامنىڭ دۈشمىنى بولىدىغان بولسا، شۇنداق تۆھمەتلەر ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ بىر پۇقراسى، ئاخبارات خىزمەتچىسى ئىسلامچى تېررورىستلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن

كۇنى، ئامېرىكا يەنە باشقا بىر ئىسلامچى — ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلگەن بولارمىدى؟ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار: كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا، كىمنىڭ ھەق، يەنە كىمنىڭ ناھەق، ئاللاھ گۇۋاھ بولۇپ تۇرغىچىدۇر، ئاللاھ كۆرۈپ تۇرغىچىدۇر. بارلىق بەندىلەر ئاللاھنىڭ بەندىسى! بەندىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا باراۋەر بولىدىغاندۇر. لېكىن ھەقىقەت شۇكى، ئىنساپ ۋە ديانەتنى، ئادىمگەرچىلىك ۋە ئەخلاقنى، ئىنسانلىقنى بۇرچىنى ئاللاھ كىمنى تاللىسا، قايسى بەندىنى تاللىسا شۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدۇ.
دەينېل بىرول مۇخبىر ئىدى، تىنچلىق ئەلچىسى ئىدى، ئادەملەر ئارا مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى ئىدى...!

**ختاي دېگەن يەنىلا ختاي، دە!**

2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

ھازىرغىچە تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلە ت ئىكەنلىكى ياكى جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەيۋەن ختايلىرنىڭ ئىچكى قىسمىدا تالاش – تارتىش بولۇپ كەلمەكتە.
نومۇس قىلىش ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىپ يۈزسىزلىككە كۆتۈرۈلگەندە، ھەرقانداق گەپ، ھەرقانداق سۆز ئوتتۇرىغا چىقىۋېرىدۇ. ختايلارغا نىسبەتەن نومۇس قىلىش بىلەن يۈزسىزلىك قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق. ختايلار كېرەك بولغاندا نومۇس قىلىشنى يۈزسىزلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا، يۈزسىزلىك قىلىشنى نومۇس قىلىشنىڭ ئورنىغا قويىۋېرىدۇ، تەيۋەندە مۇڭغۇلىيە مەسىلىسىنىڭ يەنە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يۈقىرىقى ھادىسىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟
تەيۋەندە قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىن پىڭ 27 – كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «تاشقى مۇڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگونىڭ تېررىتورىيە مەسىلىسى مۇناسىۋەتلىرى ھازىرغىچە تالاش –

تارتىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
تاشقى موڭغۇلىيە ھازىر ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىل دۆلەت. شۇڭا ھەرقانداق بۈيۈك كىشى ياكى ھەرقانداق دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى ئاساسى قانۇن مەسىلىسى ھېسابلانمايدۇ. بەلكى سىياسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
تارىخقا نەزەر تاشلىساق 1945 – يىلى «جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىنىدىغان چاغدا قوشۇمچە ھۆججىتىدە: ئەگەر تاشقى موڭغۇلىيە ئومۇمى خەلق بېلەت تاشلاش ئارقىلىق مۇستەقىل بولۇش ئارزۇلىرىنى ئىسپاتلايدىغان بولسا، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قوشۇلىمىز، دېيىلگەن. 1945 – يىلى 10 – ئاينىڭ 20 – كۈنى تاشقى موڭغۇلىيىدە ئومۇمى خەلق بېلەت تاشلاش ھەرىكىتى ئۆيۈشتۇرۇلدى (دەل شۇ پەيتتە ئۇيغۇرنىڭ مىللى ئازادلىق ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىچە توختاپ قالدى) مۇستەقىل بولۇشقا قارشى بېلەت تاشلانمىدى ئەكسىچە بارلىق موڭغۇللار مۇستەقىل بولۇشقا قوشۇلۇپ بېلەت تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى پاكىتنى نەزەرگە ئېلىپ 1946 – يىلى 1 – ئاينىڭ 5 – كۈنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمى ئېتىراپ قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيە جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئاساسقانۇن تۈزۈش پائالىيىتىگە، دۆلەت پارلامېنتى سايلىمىغا قاتناشمىغان، تاشقى موڭغۇلىيە جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلمىگەن .
ھازىرقى تالاش – تارتىشنىڭ يىلتىزى 1951 – يىلدىن باشلاندى. 1951 – يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنى قارار ماقۇللاپ : سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نى ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى تونۇغان (تەن ئالغان). شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى

«جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ۋە بۇ شەرتنامىنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇنداق بىكار قىلىش تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ قويىنىغا قايتىپ كېلىشىدىن دېرەك بېرەمتى ياكى تاجاۋۇزچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرەمتى؟

نۆۋەتتە كەلگەندە بىر جۈملە لىللا گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلغايلار!

1945 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى موسكۋادا جۇڭگو، سوۋېت دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» يالغۇز تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى توغرىسىدىلا ئىمزالانغان شەرتنامە ئەمەس ئىدى. ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغىنى شەرتنامىنىڭ، مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى خىتايغا قوشۇپ بېرىشنى ماقۇل كۆرگەنلىكى ئىدى .

خوش 1951 – يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنى سابىق سوۋېتلەر دۆلىتىنىڭ يۇقىرىقى شەرتنامىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى، ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى تەن ئالغان ئىكەن ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەن ياكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمۇ شۇ چاغدا «جۇڭگو، سوۋېت، دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نى بىكار قىلىشنى جاكارلىغان ئىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق شەرتنامە مەۋجۇت ئەمەسكەن، ئۇنداقتا ئۇيغۇرىستاننى ئۇيغۇرلارغا قايتۇرۇپ بېرىش كېرەكمۇ – يوق؟

شەرتنامىنى سوۋېتلەر ۋە جۇڭگو ئوخشاشلا بىكار قىلغاندا، شەرتنامىنى ئىجرا قىلىش ۋە شەرتنامىغا ئەمەل قىلىش ئوخشاشلا مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارار ماقۇللاپ ئىجرا قىلماسلىقنى، شەرتنامىغا رىئايە قىلماسلىقنى تەن ئالدى

دېگەن سۆز. دېمەك شۇنداق ئەھۋالد ائۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقل دۆلەت ئىكەنلكى رەسمىيەت بېجىرمگەن ئەھۋالدا سۇكۇنات ئىچدە ئېتراپ قلىندى دېگەن سۆز.
يۇقرىقلارغا ئاساسلانغاندا، ختاينىڭ كوممۇنست پارتيىسى ئۇيغۇرستانغا ھېچقانداق قانۇنى ئاساسى يوق، ئىككىنچى دۆلەت بلەن تۈزگەن شەرتنامە ئاساسى يوق. جاھانگىر دۆلەتلەر، چوڭ دۆلەتلەر ئۇيغۇرستانغا مۇناسۋەتلك ئىمزالىغان شەرتناملار ئاساسى يوق، ياكى ختاينىڭ ئۇيغۇرنىڭ مللى مۇناپىقلرى بلەن تۈزگەن توختام ئاساسى يوق، ختايلار ئۇيغۇرستانغا 50 يىل مللى ھۆكۈمرانلق قىلغان بولمامدۇ؟
قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلك بر تەرىپى شۇكى 1950 – يىلى ستالىن بلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىسدا يۇقرىقىغا ئوخشاشلا يەنە بر شەرتنامە ئىمزالىغان ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا جۇڭگونى سابىق سوۋېتلەردىن باشقا بر دۆلەت، ئىككىنچى بر دۆلەت ئېتراپ قىلمىغان ئىدىغۇ؟ جۇڭگو شۇنىڭ ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەينى چاغدا ئەزا بولۇپ كىرەلمىگەن ئىدىغۇ؟ ئۇنداقتا، روسيە بلەن ختاي ئوتتۇرىسدا ئۇيغۇرستانغا مۇناسۋەتلك ئىمزالانغان شەرتنامىنىڭ سياسى كۈچى بولامدۇ، بولمامدۇ؟
ئەسلى مەسىلىگە قايتىپ كېلەيلۇق .
تەيۋەن مەمۇرى پالاتاسىنىڭ مەمۇرىيەت باشلىقى يۇ خۇڭ جۇن 1955 – يىلى تەيۋەننىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىغا مەمۇرىيەت خىزمىتىدىن دوكلاد بەرگەندە: «تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقل بولۇشىنى دۆلىتىمىز ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانتى... دۆلىتىمىز «جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نى بىكار قىلغاندىن كېيىن تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقل بولۇشىغا قوشۇلىدىغان شەرتلەرمۇ ئاللىقاچان مەۋجۇت بولماي قالدى، دېگەن ئىكەن. («دۇنيا گېزىتى» 2002 – يىلى 2 – ئاينىڭ 25 – كۈنى) ختاينىڭ مەنتەقىسى

بويىچە پىكىر قىلغاندا تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا تېگىشلىك شەرتلەر نېمە ئىدى؟ تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولالمايدىغانلىقىغا تېگىشلىك شەرتلەر يەنە نېمە ئىدى؟ بۇ شەرتلەر بىكار قىلىنغان، مەۋجۇت ئەمەسكەن، ئۇيغۇرىستاننى خىتاي تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىشىنىڭ ھەرقانداق شەرتلىرى ئاللىقاچان مەۋجۇت بولماي قالدى دېيىشكە بولامدۇ، يوق؟

ئەپەندىلەر، تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى شارائىتتا «يالتا سىستېمىسى»نىڭ رامكىسى ئىچىدە ئىمزالانغان «موسكۋا شەرتنامىسى»دا ئۇيغۇرىستاننى مۇنقەرىز قىلىش شەرت قىلىنغان، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا مۇستەملىككە بولۇپ قېلىش تارىخى بىر ئېچىنىشلىق تارىخ دەل مۇشۇ يەردىن باشلانغان .

**خىتاي**

2002 –يىلى 3 – ئاينىڭ 10 – كۈنى

جۇڭخۇا ھۆكۈمىتى بۈگۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىنى رەت قىلىپ، - دالاي لامانىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇش نىيىتىمىز يوق، - دېدى .

خىتاينىڭ باياناتچىسى كوڭچۇەن: دالاي لاما ئۇزۇندىن بېرى بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى، ئەگەر دالاي لاما جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنى خالايدىكەن، مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىشنى توختۇتۇپ، تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى دېيىشى كېرەك، دېدى.

كوڭچۇەن باياناتىدا: مەخسەتلىك ھالدا، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ تىبەت ئىشلىرى بويىچە ئەمەلدارى پاكىتنى ئېنىق كۆرمىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى قالايمىقان تەنقىدلىگەندە باشقا مەخسەتكە ئىگە ئىدى، دېدى.

تىبەت ئىشلىرى ئەمەلدارى روبىرنىسكى خانىم 7 – كۈنى دۆلەت مەجلىسىدە جۇڭگونىڭ دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى تىبەتنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان خەتەرلىك ھەرىكەت، دەپ كۆرسەتكەن .

**ئامېرىكا**

2002 – يىلى 3 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

فېدىرال تەكشۈرۈش نىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارى 11 – كۈنى: جۇڭگودا ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇپ، تېررورىستلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى جۇڭگونىڭ ھەرىكىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى ھازىرغىچە 44 دۆلەتتە ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇردى. ھازىرغىچە 150 نەپەر خادىم ئىشقا چۈشتى (بۇلار قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتالدى) بىر ئاي ئىچىدە ئامېرىكىلىق ئىككى نەپەر كىشى بېيجىڭغا بېرىپ ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرىدۇ.

پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى ئۆتكەن يىلى بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، بېيجىڭ تەرەپ ئامېرىكا فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بېيجىڭدە ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇشىغا قوشۇلغان ئىدى.

فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسى بېيجىڭدا قۇرۇلدى دېگەنلىك ئۇيغۇرلارمۇ بۇلارنىڭ كۈزىتىش دائىرىسىگە كىرىپ قالدى دېگەنلىكمىدۇ؟

**بۇگۈن**

2002 – يىلى 3 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دۆلەتلەردە زىيالىيلار ۋە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار ھۆكۈمەتنىڭ سىياسى ئىشلىرى ۋە ھۆكۈمەت

خادىملىرىنىڭ نامۇۋاپىق سىياسەتلىرىنى ۋە نامۇۋاپىق خىزمەت ئۇسۇلىنى تەنقىدلەشكە ئامراق ۋە ھوقۇقلۇق. بەلگىلەنگەن سىياسەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا، سىياسەتنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەشكە ئامراق .

ئەمما جۇڭگونىڭ ئالىملىرى يازغان، ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدا، سورۇن سۆزلىرىدە، جۇڭگودىكى بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماختايدۇ، ئاقلايدۇ. جۇڭگو شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قاباھەتلىك، ئەڭ يىرگىنىشلىك سىياسەت «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قاتارلىق سىياسى ھەرىكەتلەرنى يولغا قويۇپ تەبىئى ئىپتىدائى ياۋايىلىقنى ئاشكارىلىغاندا يەنىلا پەيلاسوپ ختايلارنىڭ، تەتقىقاتچى ختايلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنتى.

جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستى كاپىتالىزىمنىڭ تۈرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش، كاپىتالىزىمنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنى ئۆرنەك قىلىش بىلەن باشلانغاندا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ختايلارنىڭ، ئامېرىكىنىڭ يولىيورۇقىنى، كۆرسەتمىسىنى، ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەر ساھەسىدىكى مەرتلىكىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلاندى. ھەرگىزمۇ جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۈز بەرگەن ئىشلار بولالمىدى .

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىش، خۇسۇسى ئىگىلىك، تاۋار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش، ئامېرىكىنىڭ ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىشكە ئېرىشكەندە، ماقۇل دېگەنلىك جۇڭگودا يۇقىرى قاتلامنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، دەپ قارالدىكى، ھەرگىز زىيالىيلارنىڭ قوللىشىنىڭ، زىيالىيلارنىڭ باشلامچى بولۇشىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلانمىدى. چۈنكى، ختايغا ختايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 50 يىل، ختاي زىيالىيلىرى ۋە ئالىملىرى كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىگە يالالانما بولۇپ ئىشلىگەن 50 يىل ئىدى.

ختاي زىيالىيلىرى ئۆتمۈشتە ماۋ زېدۇڭغا يېتىشەلمىدى، دىڭ شياۋپىڭغا يېتىشەلمىدى، جياڭ زېمىنگە يېتىشەلمىدى، شۇڭا ھۆكۈمەت سىياستىنىڭ تىگى – تەكتىنى ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلمىدى. تولۇقلاش پىكىرلىرىنى، تۈزۈتۈش پىكىرلىرىنى ياكى ئىنكار قىلىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ختاي دېگەن شۇ ئىدى، ختايغا زىيالىي بولغان كىشىلەر شۇلار ئىدى .
دىڭ شياۋپىڭ «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ھازىرغىچە جۇڭگودا ئۆزلىرىنى زىيالىي دەپ، ئاتىۋالغان ھەرقانداق بىر ختاي ماركسنىڭ «كاپىتال» ماۋزۇلۇق ئەسىرىنى ئوقۇپ «پۇل»، «كاپىتال»، «تاۋار»، «ئەمگەك» ئۇقۇملىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمىدى. شۇڭا ھازىرغىچە ختاينىڭ ئىسلاھات سىياستىنى، ختاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى قوللايدىغان بىر زىيالىي ئوتتۇرىغا چىقمىدى بەلكى، ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنىڭ ئالدى – كەينىدە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ جەريانىدا، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى تەنقىدلەش بۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە قوللىدى.
جۇڭگو تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئاتالمىش ئىنقىلابلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك، دېھقانلار ئىنقىلابى بولۇپ كەلدى. دېھقانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن ئاتالمىش كوممۇنىستلار ئەمەلىيەتتە دېھقان ئىنقىلابچىلار ۋە ماۋ زېدۇڭدەك دېھقان داھىلار ئىدى. كوممۇنىزىمنى يېزىلاردا قۇرغان ختايلار، كوللېكتىپلەشتۈرۈشنى ۋە خۇسۇسىلاشتۇرۇشنى يېزىلاردىن باشلىغان ختايلار، ئىسلاھاتنى ھەم يېزىلاردىن باشلىغان ختايلار ئىدى. يېزىلار، دېھقانلار 50 يىلدىن بېرى ختاي سىياستىنىڭ تەجرىبە مەيدانىغا، ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇلدى.

ئەمدى بۈگۈن جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندە نېمىنى، قانداق سياسەتنى يېزىلاردا تەجرىبە قىلىشى كېرەك، شۇڭغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى بىر توننا بۇغدايىنى 3160 يۈەندىن ھېسابلاپ دېھقانلارنىڭ قولىدىن سېتىۋالدى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنداقتا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جۇڭگو بازىرىغا توختىماي ئېقىپ كىرىدۇ. ئاۋستراليىنىڭ بىر توننا ئاشلىقى (بۇغداي) 128 دوللار (خىتاي پۇلىغا سۇندۇرغاندا 1024 يۈەن) باھادا، ئامېرىكىنىڭ بىر توننا بۇغداي ئاشلىقى 135 دوللار (خىتاي پۇلىغا سۇندۇرغاندا 1024 يۈەن) باھادا جۇڭگونىڭ بازىرىغا كىرىدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ چەت ئەلنىڭ سورتلۇق بىر توننا بۇغدىيىنىڭ باھاسى 1000 يۈەن ئەتراپىدا بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دېھقانلىرىنىڭ قولىدىن بىر توننا ئاشلىقنى 3160 يۈەنگە سېتىۋالسا، ئوتتۇرىدىكى پەرقلىق باھانى قانداق قىلىشى كېرەك؟ دېھقانلارنىڭ ئاشلىقنى، ئاشلىق ئىمپورت قىلغان باھا بويىچە سېتىۋېلىش كېرەكمۇ، يوق؟ ئۇنداقتا ئەسلىدىنلا نامرات ياشاۋاتقان دېھقانلار يەنە نامراتلىقنىڭ ئازابىنى، دەردىنى تارتىشى كېرەكمۇ؟

مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى يوق جۇڭگودا، يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى يوق جۇڭگودا (بار ھېسابلانغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىمسىز يالغانچىلار) يۇقىرىقى پەرىقلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ئەكسىچە جۇڭگولۇقلار سەبىرى – تاقەتلىك، چىداملىق، ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، - دېيىشتى. دېمەك، جۇڭگو ئادەتتىكىدەك ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشكىلا ئەمەس. چەكسىز چايقىلىپ تۇرغان دېڭىزغا دۈچ كەلدى. ھەممە كىشى ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشى كېرەكمۇ؟

جۇڭگو تارىخىدىن ئازراق خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، گۈللىنىش، خاراپ بولۇش، جۇڭگودا يېزا ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. جۇڭگودا ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشى،

ئاغدۇرۇلۇشى دېھقانلار ئىنقىلابىغا باغلىق بولۇپ كەلگەن. 50 يىلدىن بېرى بىر قاچا ئوماچقا قوسىغى تويمىغان جۇڭگو دېھقانلىرى ئەمدى يۇقىرىقى ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بايراق كۆتۈرۈپ چىقىشى كېرەكمۇ، بۇ ئېھتىماللىقنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

**دۆلەت مەجلىسىدە...**

2002 – يىلى 4 – ئاينىڭ 10 – كۈنى

دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى» تۈزۈلگەنلىكىنىڭ 23 يىللىقىنى خاتىرلەش كۈنىدە «تەيۋەن كومىتېتى» قۇرۇلدى. ئامېرىكىنىڭ ۋە تەيۋەننىڭ پارلامېنت ئەزالىرى «دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق» بايانىتىغا ئورتاق ئىمزا قويۇپ، ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.
نۆۋەتتە ئىككى پارتىيە (جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋە دېموكراتلار پارتىيىسى) ئەزالىرىدىن ھەمدە مۇستەقىل زاتلاردىن بولۇپ جەمئى 85 نەپەر كىشى «تەيۋەن كومىتېتىغا» ئەزا بولۇشقا تىزىملاتتى .
بۈگۈن قۇرۇلغان «تەيۋەن كومىتېتى»نىڭ تۆت نەپەر ئورتاق رەئىسى تەيۋەننىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىنى ياقىلىدى. ئۇلار: دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان «تەيۋەن كومىتېتى»نىڭ، ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، تەيۋەننىڭ خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.
ئورتاق رەئىس شاپوت ئەپەندى: تەيۋەن ئامېرىكىنىڭ ئىشەنچلىك دوستى ۋە ئىستراتېگىيىلىك شېرىكى «تەيۋەن كومىتېتى» خۇددى پرېزىدېنت ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىغا ئوخشاش تەيۋەننى ھەربىي كۈچ بىلەن قوغداشنى قوللايدۇ، دېدى.

«تەيۋەن كومىتېتى»نىڭ ئەزاسى، ئاۋام پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى جېرمىن ئەپەندى: «تەيۋەن كومىتېتى»نىڭ تېزلىك بىلەن قانۇن لايىھە ماقۇللاپ، ئىككى قىرغاق رەھبەرلىرىنى ئامېرىكىغا كېلىپ سۆھبەت قۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

**ۋاشىنگتون**

2002 – يىلى 4 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بولغان پىرېزىدېنت بوشقا ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ: مۇئاۋىن رەئىس خۇ جىنتاۋ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى: ئامېرىكىلىق ھەرساھە ئەربابلىرى بېيجىڭغا زىيارەتكە بارغاندا، بېيجىڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ئېتىبار بېرىشكە، سىياسى مەھبۇسلارنى، دىنى ئېتىقاد جىنايەتچىلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

ئامېرىكا كوڭگىرسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان «جۇڭگو كومىتېتى» بولغان گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە «ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئامېرىكا شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئەپەندى «دىئالوگ فوندى جەمئىيىتى»نىڭ باشلىقى جون كام، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى خېرىن ئەپەندى قاتارلىق زاتلار يۇقىرىقى مۇراجىئەتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ كىشىلەر مۇشۇ ھەپتە ئامېرىكا دۆلەت سىۋېتىگە 6 مىڭ نەپەر سىياسى، دىنى جىنايەتچىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرۇپ، جۇڭگو تەرەپتىن سۈرۈشتە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەپەندى:

تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ (شىنجاڭدا) ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. ھەمدە ئۇ، پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ: مۇئاۋىن رەئىس خۇ جىنتاۋنىڭ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىش مەزگىلىدە (شىنجاڭ) ئۇيغۇرىستانلىق باي سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**رابىيە قادىر**
2002 – يىلى 4 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەلگەندە 4 – ئاينىڭ 25 – كۈنى نيورىك شەھرىگە چۈشتى. شۇ كۈنى رابىيە قادىر سودا شىركىتىنىڭ كاتىپى قەھرىمان ئابدۇكېرىمنى خىتاي ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيداندىن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىپ بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا تاپشۇرۇپ بەردى. دېمەك تۈرمىدىن قويۇپ بەردى.
قەھرىمان ئابدۇكېرىمنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش بۇ ھەرىكەت خۇ جىنتاۋ ئەپەندىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە تاپشۇرغان مەسلىسىمۇ ياكى پرېزىدېنت بوشقا قىلغان سوۋغىسىمۇ؟
ئۇلانبايدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيداندا ئۆزگەرتىلىۋاتقان قەھرىمان ئابدۇكېرىم بىر يىلدىن كېيىن قۇمۇل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۆتكەپ كېتىلگەن.

**جۇڭگو**

2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

مۇئاۋىن رەئىس خۇ جىنتاۋ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ھەدەپ تەيۋەن مەسىلىسىنى سۆزلەپ ئۆتتى. كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە خۇ جىنتاۋ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاش، سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا تەييارلانغان ھۆججەتلەرنى خۇ جىنتاۋغا سۇنغاندا قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، كۆرۈشۈشكە قاتناشقان ئىككى پارتىيىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنى رەنجىتىپ قويدى. ئۇلار ئىنتايىن نارازى بولدى. خۇ جىنتاۋنىڭ بۇ قىلمىشى دىپلوماتىك رەسمىيەتلەرگە ماسلاشمىدى، دېيىشتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئايرىم – ئايرىم ھالدا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى، كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرى خۇ جىنتاۋ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەھبىرى تام دېتىل ئەپەندى: جۇڭگو – ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

نەنسى فىلوسى خانىم: دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ئامېرىكىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇشىنى جۇڭگونىڭ قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ھەربىي قورال – ياراغلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئائىت مەسىلىلەر بويىچە خۇ جىنتاۋ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. لېكىن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان ھامان جۇڭگو تەرەپ ئاڭلاشنى خالىمىدى دەپ، كۆرسەتتى .

خۇ جىنتاۋ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى توغرىسىدا تەييارلىغان بىرنەچچە پارچە ھۆججەتلەرنى جۈملىدىن، تىبەت مەسىلىسى توغرىسىدا، سىياسىي مەھبۇس شۇ ۋىن لى توغرىسىدا، سىياسىي مەھبۇس رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا تەييارلىغان ھۆججەتلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. ئەتراپتىكىلەر

پەرشان هالەتكە چۈشۈپ قالدى دەپ كۆرسەتتى نەنسى فلوسى خانىم.
گېزىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا: دۆلەت مەجلىسى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى تام لەنتوس ئەپەندى: ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى، جۇڭگو تەرەپنىڭ هۆججەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىشنى رەت قىلغانلىقىدىن نارازى بولغانلىقىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ بۇ ئىشنى ئەبەدى ئۇنۇتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى .
خۇ جىنتاۋنىڭ هۆججەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىشنى رەت قىلغانلىقى توغرىسىدا: جۇڭگونىڭ باياناتچىسى جاڭ: خۇ جىنتاۋ ئۇ هۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىلمەيتتى، دەپ كۆرسەتتى .

**ئامېرىكا**

2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

فېدېراتسىيىلىك خەلقئارا دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىك كومىتېتى بۈگۈن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ يىللىق دوكلاد ئېلان قىلدى. دوكلادتا: جۇڭگو هۆكۈمىتى يېقىندىن بېرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇشنى جىددىيلەشتۈردى، دەپ كۆرسەتتى. دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىك كومىتېتى مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ: بېيجىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى باستۇرۇشنى توختىتىش كېرەك، شىمالىي كورىيە مۇساپىرلىرىغا مۇساپىرلىق سالاهىيىتى بېرىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى .
بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرى لەندىر ئەپەندى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: بېيجىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، خرىستىيان دىنى، كاتولىگ دىنى، تىبەت بۇددا دىنى، ئۇيغۇر ئىسلام دىنى، فالۇنگۇڭ قاتارلىق دىنلارنىڭ مۇرتلىرىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتتى، دېدى.
لەندېر ئەپەندى مۇراجىئەت قىلىپ: بېيجىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىككە زىيانكەشلىك قىلىشنى توختىتىپ، ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى هۆرمەت قىلىشى،

كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشى، كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت يېتىشتۈرۈشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.
فېدېراتسىيىلىك خەلقئارا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ياڭگېر ئەپەندى: رابىيە قادىر ئامېرىكىدىكى ئېرىگە گېزىت يوللاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا خىتاينىڭ نەزىرىدە جىنايەتچى بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى .
رەئىس ياڭگېر ئەپەندى: شىمالىي كورىيە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم دۆلەت. نۇرغۇنلىغان شىمالىي كورىيىلىكلەر جۇڭگوغا قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى، جەنۇبىي كورىيە غەيرى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ شىمالىي كورىيە مۇساپىرلىرىغا ھەمكارلىشىشىغا يول قويۇش كېرەك ھەمدە شىمالىي كورىيە مۇساپىرلىرىغا مۇساپىرلىق سالاھىيىتى بېرىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

**لوندۇن**

2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 10 – كۈنى

لوندۇن خەلقئارا ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات ئورنى ئېلان قىلغان دوكلادتا: ئامېرىكا تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇش باشلاپ، ئافغانىستاندا تالىبانلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا غەرب دۇنياسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى تىكلىدى. لېكىن روسىيىلا ئەمەس ھەتتا ئىران، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، پاكىستان، جۇڭگو، ھىندىستان، ياپونىيە ھەتتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەزى مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان غەرەزلىرى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
تەتقىقات ئورنى دوكلادتا: ئوتتۇرا ئاسىيا ئامېرىكا ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ئىنتىپاقداشلىرىغا نىسبەتەن ئىسلامچى رادىكالىستلارنى ۋە تېررورىستلارنى تازىلاش، دۆلەت ھالقىغان تەھدىتلەرنى تۈگىتىشتە

كۇنسايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئامېرىكا بىلەن بىۋاستە بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقتىن پايدا – مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، روسىيەدىن يىراقلىشىپ ئۆزى – ئۆزىگە خوجا مۇستەقىل دىپلوماتىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەت سىياسىتىنى يولغا قويۇشى مۇمكىن، دەپ كۆرسىتىلدى.
4 – ئايغىچە ئامېرىكا، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھەربىي قىسىم ۋە ھەربىي خادىملار ئەۋەتتى. ئافغانىستان ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا ئامېرىكا قازاقىستاندىمۇ ھەربىي بازا قۇرار ئىمىش. شۇڭا ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كۆپ مىقداردا پۇل ئاجراتتى.
تەتقىقات ئورنى: ئۆزئارا ياردەم قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى خەلقئارا پۇل – مۇئامىلە ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى ئاھالىلەر مەبلىغىگە قوزغاتقۇچى تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ تەبىئى گاز ۋە نېفىت بايلىقى مول قازاقىستانغا مەبلەغ سېلىشقا زور تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن دەپ، كۆرسەتتى.

**جۇڭگو**

2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ باھار پەسىللىك دىپلوماتىيىلىك پائالىيىتى باشلىنىپ، لى دۆي خىۋەننىڭ ياۋروپانى زىيارەت قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. مەركىزى كومىتېتنىڭ بەش نەپەر دائىمى ھەيئەت ئەزاسى 4 – 5 – ئايلاردا جەمئى 16 دۆلەت، ئاسىيا، ئافرىكا، جەمئىسى تۆت قىتئەگە 16

دۆلەتكە زىيارەتكە باردى. ئەمدىلىكتە چەت ئەل رەھبەرلىرى جاۋابەن زىيارەت قىلىدىغان باسقۇچقا كىردى. 6 – ئايدا «شاڭخەي ئالتە دۆلەت ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ روسىيەدە ئېچىلىدىغان بولدى. روسىيە باشچىلىقىدىكى ئالتە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبەت يىغىنى دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى بۈيۈك ئىش دېگەندىن كۆرە ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر يېڭى سىناق، جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بىر يېڭى سىناق دېيىش كېرەك ئىدى.

«شاڭخەي ئالتە دۆلەت ھەمكارلىقى» مۇناسىۋەتى قىزغىنلىقىقا چۆمۈلگەن پەيتتە «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» بۇ قىزغىنلىقىقا سوغۇق سۇ سەپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتە دۆلەت نەپەس ئالالمىدى، ئورتاق سادا چىقىرالمىدى. ئەمەلىي ھەمكارلىقمۇ كۆرۈلمىدى ئەكسىچە ئامېرىكا بىلەن روسىيە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە كېلىشىم ئىمزالاشنى جوڭقۇرلاشتۇردى. گېروزىيە ئامېرىكا ئارمىيىسىنى دۆلىتىگە باشلاپ كىردى. ھەربىي جەھەتتە سىياسى جەھەتتە قانداق كېڭىيىش كېرەك، قانداق قول تۇتۇشۇپ ئىشلەش كېرەك، خىتايلار تەشەببۇس قىلىپ قۇرۇلغان «شاڭخەي ئالتە دۆلەت ھەمكارلىقى» يېڭى سىناققا دۇچ كەلدى. جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىلىك سىياستى ناھايىتى زور بۇرۇلۇشقا دۇچ كەلدى.

ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش – جۇڭگولۇقلار ئەمدىلا قاتناشقان «يېڭى ئەسىر يەر شارىلىشىش دولقۇنى» بولۇپ، «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن جۇڭگو سىياسەتتە بۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى، جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشكە ماسلاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك قاتلىمىدا زور بىر كۈچ تەشكىللەپ يەر شارىلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدى. ئەگەشتۈرۈپلا جۇڭگو ئىستراتېگىيىلىك سىياستىنى تەرتىپكە سالماقچى بولدى.

«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن جۇڭگونىڭ نەزەرچىلىرى – غەرب دۇنياسى ئۇچرىغان ھۇجۇم، تېررورىزىم، چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك، دىنى رادىكالىستلار مەسىلىسىنى، كاپىتالىزىم دۇنياسىدا يۈز بېرىدىغان تەرتىپكە سېلىشلار، مەدەنىيەت توقۇنۇشى، كاپىتالىزىم بىلەن سوتسىيالىزىمنىڭ ئىدىئولوگىيىلىك توقۇنۇشىنىڭ ئورنىغا ئۆتەمدۇ، يوق؟ دەيدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغاندەك بولدى. تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى چىقماي تۇرۇپلا بىر قىسىم نەتىجىلەرنى دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئىشلەتكەندەك بولدى.

خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىگە دۇچ كەلگەندە، جۇڭگولۇقلار ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىنى تونۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. جۇڭگونىڭ 15 – قۇرۇلتىيى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر دەۋرى ئاخىرلاشتى» ئىنتايىن ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى يېتىپ كەلدى، دەپ ھۆكۈم قىلغانتى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن يىرىك ۋەقەلەر بۇ ھۆكۈمنىڭ تولىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى. ئەمدى كەلسەك يېقىنقى ۋەزىيەت جۇڭگولۇقلارنى ئۈمىدسىزلىككە گىرىپتار قىلدى. بولۇپمۇ روسىيىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئامېرىكا تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنلىكى، روسىيىنىڭ ناتوغا يېقىنلاشقانلىقى شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونىڭ شىمالدىكى ئىستراتېگىيىلىك قورغىنىنىڭ غايىپ بولغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىش كۈچىنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى بېيجىڭ تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشى، تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى، پۈتۈن ياۋروپانىڭ ئوڭغا مايىل بولۇشى، ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كېلىشى، دېمەك، ئەمدى جۇڭگو چۆچۈشكە باشلىدى. شەرقىي ئاسىيادا ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە دىپلوماتىك توقۇنۇش يۈز بەردى. پۈتكۈل خەلقئارا ۋەزىيەت بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگەردى. ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان جۇڭگوچە يەر شارى

ئىستراتېگىيىسىنى قانداق تەرتىپكە سېلىش كېرەك، جۇڭگولۇق ئۇچۇن قىيىن بىرئىش بولدى.
مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەن خىتاينىڭ سىياسىتىنىڭ بۇرۇلۇشى 16 – قۇرۇلتايدا بىر تەرەپ قىلىنىشى مۇمكىن. مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگەرسۇن ياكى جۇڭگولۇق خىتايلار ئۆزگەرسۇن ياكى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى ئۆزگەرسۇن ياكى خىتايچە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولسۇن بەرىبىر بۇگۈن ئەمدى ھەممىسى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

**دالاي لاما**

2002 –يىلى 5 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

دالاي لاما: «يېقىندىن بېرى تىبەتلىكلەر بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى يېڭى باسقۇچقا كىردى، جۇڭگو رەھبەرلىرى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى، دېدى.
ئاۋستىرالىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان دالاي لاما: 1993 – يىلىدىن كېيىن جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن رەسمى ئۇچرۇشۇپ باقمىدىم. يېقىندا بىر قىسىم جۇڭگو سودىگەرلىرى ۋە بىر قىسىم جۇڭگو زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچراشتىم.
دالاي لاما: جۇڭگو ئۆزگەرمەكتە. جۇڭگو رەھبەرلىرى ئۆزگەرمەكتە، زىيالىيلارنىڭ كۆزقاراشلىرى، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى، دېدى.
دالاي لاما: ئەگەر تىبەتنىڭ نېگىزلىك ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولىدىكەن، جۇڭگو تىبەت مەسىلىسىگە جىددى قاراشنى خالايدىكەن، مەن تىبەتكە قايتىمەن، مەن قېرىپ قالدىم، دېگەن ئىدىم.

تبەت سەرگەردانلىرى سىياسى رەھبەرلەرنى سايلاپ چىقتى. ياشلار ۋارىس بولۇپ يېتىلدى. مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئاخىرلاشتى. شۇڭا تبەتكە قايتىپ تۆھپە قوشۇشۇم لازىم،م دېدى.
دالاي لاما: تبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ناتايىن، تبەتلىكلەر ئۆزىنى – ئۆزى باشقۇرۇش ئوتتۇرا يولدا مېڭىشنى تاللايدۇ، بارلىق تبەتلەرنىڭ ئۆزىنى – ئۆزى باشقۇرۇشى ھەرگىز تبەتتىكى تبەتلىكلەرنىڭ ئۆزىنى – ئۆزى باشقۇرۇشى بىلەن چەكلەنمەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
دالاي لاما: تبەتلىكلەر 6 مىليون نوپۇسقا ئىگە. 2 مىليون تبەتلىك تبەتتە ياشايدۇ، كۆپ قىسىم تبەتلىكلەر تبەتنىڭ ئىچىدە ئەمەس دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما كەلتۈرگەن سەۋەبلەرگە ئاساسلىنىپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تبەتلەر توغرىسىدا بىر قارار چىقىرىشى مۇمكىنمىدۇر.

**دۇنيا ئۆزگەرمەكتە**

2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

دۇنيا ئۆزگەرمەكتە... دۇنيانىڭ سىياسى قىياپىتى ئۆزگىرىپلا قالماي، بۇ رەھىمسىز دۇنيانىڭ سىياسى قۇرۇلمىسىمۇ ئۆزگەرمەكتە. دۇنيانىڭ ئەينى چاغدىكى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنىڭ خەرىتىسىنى ھەتتا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ خەرىتىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلىۋەتكەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ، بىر – بىرىنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىككى دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتلىرى، پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن بۈگۈن 28 – كۈنى ئىتالىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا ئاجايىپ بىر تەنتەنىلىك يىغىنغا – شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن روسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا قاتناشتى .

بۈگۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن روسىيە «يېڭى دائىمى ھەيئەتلەر كومىتېتى» قۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئاچتى. روسىيىنى چەكلەش، روسىيىگە زەربە بېرىش، روسىيىنى قورشاش ئۈچۈن قۇرۇلغان شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئەمدى روسىيىنى ئۆزىنىڭ تەركىبى قىسمىغا ئېلىپ كىردى.

پرېزىدېنت بوش ئەپەندى: شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن روسىيە بىرلىشىپ «يېڭى دائىمى ھەيئەتلەر كومىتېتى» قۇرغانلىقىنى ياۋرۇپادا تىنچلىق ۋە ئەركىنلىكنى تۇرغۇزىدىغان تارىخى خاراكتېرلىك نەتىجە» دەپ كۆرسەتتى.

شىمال ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا 19 دۆلەتنىڭ داھىلىرى ئىتالىيىنىڭ بۇرادى كامپېر ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئاچتى. روسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن، شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن روسىيە دائىمى كومىتېتى قۇرۇش كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

**«ئومۇمى كېچىرىم»**

2002 – يىلى 5 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

ئومۇمى كېچىرىم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 28 – كۈنى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلادى ئېلان قىلىپ: ئۆتكەن بىر يىلدا كىشىلىك ھوقۇقا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى كۆپەيدى، جۇڭگودا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ سانى، دۇنيادا بارلىق دۆلەتلەردە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ئومۇمى ساندىن ئېشىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى .

جۇڭگو ھۆكۈمىتى فالۇڭگۇڭچىلارنى، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكنى باستۇردى. تېررورىستلارغا قارشى ئۇرۇشنى باھانە قىلىپ باستۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى .

«ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بۈگۈن ۋاشىنگتوندا مۇخبىرلار كۇلۇبىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «ئومۇمى كېچىرىم» كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ 152 دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا تەييارلىغان يىللىق دوكلادىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى.
بۇ تەشكىلات مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: بەنچەن لاما ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتىنىڭ ئىز دېرىكى توغرىسىدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە «شىنجاڭ»لىق، ئۇيغۇرىستانلىق باي ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.
يىللىق دوكلادتا: ئۆتكەن يىلى جۇڭگو قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ خىروين ئەتكەسچىلىكى، پارا ئېلىش، باج تۆلىمەسلىك قاتارلىق غەيرى زوراۋانلىق قىلغۇچى جىنايەتچىلەرگىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى. نۆۋەتتە ئېرىشكەن چەكلىك كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسگە ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن يىلى جۇڭگودا 4015 نەپەر كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. 2468 نەپەر كىشى ئېتىپ تاشلاندى ئەمەلى سان بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن، دەپ كۆرسىتىلدى.
دوكلادتا: «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان، تىبەتتە سۆز مەتبۇئات ئەركىنلىكى، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى داۋاملىق چەكلەندى. جۇڭگو ھۆكۈمتى تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ مىللى بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلارنى باستۇردى، مىللى بۆلگۈنچى دەپ، ئەيىپلەنگەن نۇرغۇن كىشىلەر قاماقخا ئېلىندى، ئېتىپ تاشلاندى. فالۇنگۇڭ تەشكىلاتىنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەزاسى تۈرمىدە خورلاندى، قاتتىق قىيناشتىن ئۆلۈپ كەتتى، دەپ كۆرسىتىلدى .
«ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئامېرىكا شۆبىسىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ھەمدە ھۆكۈمەت مۇناسىۋەتى مۇدىرى: «ئومۇمى كېچىرىم» كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى تىبەتنىڭ كىشىلىك

ھوقۇقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، تىبەتتە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى تەساۋۋۇردىن ھالقىپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى .
«ئومۇمى كېچىرىم» كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇ، دەپ كۆرسەتتى، مۇدىر.

**جۇڭگو**

2002 – يىلى 6 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن 6 – ئايدا كەم كۆرۈلگەن دىپلوماتىك پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. 6 – ئاينىڭ 3 – كۈنى ئالمۇتىغا بېرىپ «ئاسىيادا ئۆزئارا ھەمكارلىق، ئۆزئارا ئىشىنىش» يىغىنىغا قاتناشتى. پېتىربورگ شەھرىگە بېرىپ «شاڭخەي ئالتە دۆلەت ھەمكارلىقى» تەشكىلاتىنىڭ 2 – قېتىملىق يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىنلا لاتۋىيە، ئىستونىيە، ئادانىيە، ئىسلاندىيە قاتارلىق ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلماقچى بولدى.
جياڭ زېمىننىڭ زىيارەتنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى خۇددى «شاڭ» كۆيدۈرگەندەك بىر ئىش بولدى. ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالمۇتا يىغىنى، پېتىربورگ يىغىنى... جياڭ زېمىن ئالدىراپ كەتكەندەك، نېمىشقىدۇر تىنەپ كەتكەندەك، گويا باشقىلارنىڭ پاچىقىنى قۇچاغلىۋالغاندەك بىر تەسىرات پەيدا قىلدى.
جياڭ زېمىننىڭ ياۋرۇپاغا زىيارەتكە بېرىشى ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنى تەرتىپكە سېلىشىدىن دېرەك بەردى. يەنى ياۋرۇپانى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق 16 – قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن ئاۋۋالقى ئىچكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرماقچى بولدى.
جياڭ زېمىننى ياۋرۇپانى زىيارەت قىلىشقا مەجبۇرلىغان ۋاقىت ئامىلىغا قاراپ ئۆتسەك يامان بولماس.

جياڭ زېمىن 1992 – يىلى ھوقۇق قەسرىگە كىرگەندىن باشلاپ، ھەرگىز 6 – ئايدا چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىپ باقمىغان. چۈنكى 13 يىلدىن بېرى 6 – ئاي جۇڭگو ئۈچۈن سەزگۈر ئاي بولۇپ كەلگەنتى. يېقىندىن بېرى جياڭ زېمىننىڭ ھەددى – ھەرىكىتى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتتى .

جياڭ زېمىننى چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىشقا مەجبۇرلىغان خەلقئارا ئامىللارغا قاراپ باقايلى.

ۋاشىنگتۇن بىلەن بېيجىڭ مۇناسىۋىتى ھازىر ئاز – تولا ئىللىغاندەك كۆرۈنسىمۇ تېخى، كۆتكەن يېقىنچىلىققا يېتىپ بارالمىدى. جياڭ زېمىن ھوقۇق قەسرىدە ئولتۇرغان ئون يىل ئىچىدە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىگە مەسئۇل بولغان ئىكەن. ئەسلىدە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى «ياخشىلىنىشى» ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا «قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك شىرىكلىك مۇناسىۋىتى» ئورنىتىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ۋاقىت ئۆزگەردى، دۇنيا ھەم ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى ئالمىشىپ كەتتى. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى سودا ماجىرالىرى ئاخىرلاشمىدى.

ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىچكى – تاشقى جەھەتتە جۇڭگوغا زور بېسىم ئېلىپ كەلدى. شۇنداق پەيتتە كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، ئامېرىكا بىلەن روسىيىنىڭ مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. روسىيىلىك موژىكلار خالتىسىنى يۈدۈپ ئاسىيا كۆڭۈل بۆلۈشتىن  ياۋرۇپاغا يۈرۈپ كەتتى. روسىيىنىڭ ئاسىيانى تاشلاپ ياۋرۇپاغا يۈرۈپ كېتىشى جۇڭگونى ئالاقزادە قىلىۋەتتى .

ئەينى چاغدا ستالىن جۇڭگونىڭ (گومىنداڭ جۇڭگوسىنىڭ) تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سۇڭ زىۋىنگە: «چار روسىيىنىڭ ئاسىيا سىياستى ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونى چەكلەش ئىدى، ئەمدى بىزنىڭ ئاسىيا

سىياستىمىز، جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىنى چەكلەش بولىدۇ» دېگەندە، شۇنداق سىياسەتكە مۇۋاپىق ستالىن، مۇستەقىللىق جاكارلىغان ئۇيغۇرىستاننى مەنقەرىز قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى خىتايغا قوشۇپ بەرگەن. بۇ قېتىم ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ ياپونىيە بىلەن بىرلىشىدىغان گېپىمۇ يوق، جۇڭگو بىلەن بىرلىشىدىغان گېپىمۇ يوق، ھەتتا جۇڭگوغا خوش ئېيتمايلا ياۋرۇپانىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى شەرققە كېڭەيمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا، جۇڭگونىڭ چېگراسىغىمۇ قاپساپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا جىياڭ زېمىن ئالاقزادە بولماي ئالاقزادە بولىدىغان ئىككىنچى كىشىمۇ بارمىدى؟

بېيجىڭدە خىتاينىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى، روسىيىنىڭ سىياسى ھەرىكەت يۈزلىنىشىنى سۈسلاشتۇرۇپ: «جىياڭ زېمىن بىلەن ۋىلادېمىر پۇتىن كونا دوستلار»، «روسىيە ھازىر تەرەپ – تەرەپكە ئوقيا ئېتىۋاتىدۇ» دېيىشىپ ئۆزلىرىنى ئاكۇ دەك بەزلەشكە باشلىدى. لېكىن جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا پۈقرالار ئارىسىدا گەپ باشقىچە بولدى. روسىيە ياۋرۇپاغا يۈزلەنگەن ھامان شۈبھىسىزكى، بېيجىڭنىڭ دىپلوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇشى يىمىرىلىدۇ، دېيىشتى.

جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا يېتىشىپ كېلىۋاتقان ئامىللارغا ئاساسلانغاندا سىياسى ئاشكارىلىنىش دەۋرىدە تۇراتتى. تاشقى سىياسەت ھازىرغىچە ئىچكى سىياسەتنىڭ داۋامى بولۇپ كەلگەندە، شۇڭا ئىچكى سىياسەت دىپلوماتىك سىياسەتنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالاتتى. ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىشى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، خەلقئارا ساھەدە پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھوقۇق ھەيۋىسىنى ئېكسپورت قىلىپ، يەنە ئۇنى قايتۇرۇپ ئىمپورت قىلىپ جۇڭگودا بازارغا سېلىشنى ئويلىغان جىياڭ زېمىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كىشى بۇگۈنكى ۋەزىيەتتە ئىنتايىن ئېغىر بېسىمغا دۇچ كەلدى.

جياڭ زېمىن ئالىلقاچان سىياسى نەتىجىلەرنى خۇلاسىلىماقچى، چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۇن تۇرلۇك سىياسى نەتىجىنىڭ بىر قىسمى قىلماقچى بولغان ئىدى .

جياڭ زېمىن ئۆزىچە ھىندىستان، پاكىستان توقۇنۇشىغا ئارىلاشقاندەك بولدى. پېتىربورگدا «شاڭخەي ئالتە دۆلەت ھەمكارلىقى» تەشكىلاتىنىڭ «نىزامنامىسى»گە ۋە «رايون خاراكتېرلىك تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»گە ئىمزا قويدى. روسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىپ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرماقچى بولدى. بىراق، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسانغا توختىمايدىغاندەك، جياڭ زېمىن ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولمايدىغان بولدى. ئىچكى تەرەپنى خاتىرجەم قىلىشمۇ ئەمدى ئۇنداق ئاسان بولمىسا كېرەك .

**پرېزىدېنت بوش ئەپەندى**

2002 –يىلى 6 – ئاينىڭ 22 – كۈنى

پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ، پرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن ھۇجۇمچى ئىستراتېگىيىلىك يادرو قوراللىرىنى قىسقارتىش كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ قارىماققا تېررورىزىمنى خەتەرلىك دۈشمەن، دەپ قاراپ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىمۇ يوشۇرۇن ئەڭ زور ئىستراتېگىيىلىك نىشان قىلىپ، يەر شارى مىقياسىدا تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغاندىمۇ ئوخشاشلا جۇڭگونى قورشاش ھالقىلىرىنى چىڭىتىشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بېيجىڭ بارغانسېرى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئامېرىكا بىلەن روسىيە ئىچ قويۇن، تاش قويۇن بولۇپ كەتتى. جۇڭگونىڭ روسىيە ئارقىلىق ئامېرىكىنى چەكلەش خىياللىرى،

سىياسەتلىرى بىتچىت بولدى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى رومىس فىلت يېڭى دېھلىنى زىيارەت قىلىپ، ھىندىستان، پاكىستان كىرىزىسىگە ئارىلىشىش بىلەن بىرگە، ھىندىستان بىلەن ئامېرىكىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەمكارلىقىنىڭ مەنزىرىسىنى ئاچتى. ئامېرىكىنىڭ ئەمدى ھىندىستانىنىڭ دېڭىز پورتلىرىنى ھەربىي بازىغا ئايلاندۇرۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى چەتكە قاقمىغان ئەھۋالدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكا، ئافغانىستان ۋە ئۇيغۇرىستانغا قوشنا توققۇز دۆلەتتە 13 ئورۇندا ھەربىي بازا قۇردى. ئوتتۇرا شەرىقتە ئامېرىكا، سادام ھۈسەيىن ئىراق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئوتتۇرا شەرقىنىڭ نېفت مەنبەئىنى كونترول قىلىپ، شۇنداقلا، بېيجىڭ تايىنىپ كەلگەن نېفت دۆلىتى ھىندىنوزىيىنى تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ، ھازىرغىچە 60% نېفتنى ھىندىنوزىيىدىن ئىمپورت قىلىدىغان جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى، ھەربىي ئىستراتېگىيىسى ئاجىزلىقلىرىغا زەربە بېرىپ، ياپونىيە، تەيۋەن، ئاۋسترالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە راكىتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭنى ھەربىي جەھەتتىن قورشاشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغانلىقى ئالىلقاچان ھەممىگە مەلۇم بولغان ئاشكارە سىر بولۇپ قالدى.

ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك خىرىسقا دۇچ كەلگەندە بېيجىڭدە ئىككى خىل پىكىر ئوتتۇرىغا چىقتى. مۆتىدىللەر: ئامېرىكا بىلەن روسىيە بىرلەشكەندىن كېيىن تۆۋەن مۇقامدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئامېرىكىغا قارىتا جىم يېتىۋېلىپ، ئۆزىنى سەمرىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ دۆلەت كۈچىنى زورايتىش كېرەك، دېيىشتى. بېيجىڭنىڭ قاتتىق «قول» مىللەتچىلىرى: تېزلىكتە ھەربىي تەييارلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئامېرىكىنى پەرەز قىلىنغان دۈشمەن ئورنىغا قويۇپ، ئۇرۇشقا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكىنىڭ قارشى سىياسى مەيدانىنى ئاشكارىلاشنى تەشەببۇس قىلىشتى.

جياڭ زېمىننىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىدىن قارىغاندا مۆتىدىل ئامېرىكا پەرەشت ختاي ئىدى. ئامېرىكا بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى. ئامېرىكىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئوبرازىنى تىكلەپ، غەربنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى جەلىپ قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش جەھەتتە جۇڭگونى تېزلىك بىلەن خەلقئارالىقا چىقىرىشنى ئويلايتتى. لېكىن پرېزىدېنت بوشنىڭ قاتتىق قول جۇڭگو سىياستىگە دۇچ كەلگەندە، جياڭ زېمىن 16 – قۇرۇلتايدا ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن زىيارەتكە چىقىپ، جۇڭگو – روسىيە؛ جۇڭگو ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇقلاپ، ئوتتۇرا شەرىقتە لۇكچەك دۆلەتلەر بىلەن قول سىقىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياستىنى چەكلىمەكچى بولدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان توقۇنۇشىدا بىتەرەپلىكنى ساقلاپ، جۇڭگودا قاتتىق قوللارنى چەكلەشنى قويۇۋېتىپ، ھەربىي تەييارلىقلارنى كېڭەيتىشنى ئەۋج ئالدۇردى. ئەڭ ئاددى بىر مىسال شۇكى، ختاي مۇتەخەسسىسلىرى يېقىندا «خەلقئاراغا نەزەر» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ: تېزلىكتە جۇڭگوچە راكىتادىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ، ئامېرىكا، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ھەتتا تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ راكىتا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرمەكچى بولدى.

جۇڭگونىڭ راكىتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسى بويىچە ئامېرىكا بىلەن ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا دۇنياغا سىگنال تارقىتىشى شۈبھىسىزكى ئىنتايىن خەتەرلىك سىگنال ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئېسىدىكى سابىق پرېزىدېنت رىگان ئەپەندى 1983 – يىلى 3 – ئاينىڭ 8 – كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ: «روسىيە ياۋۇز ئىمپېرىيە» دېگەن. 3 – ئاينىڭ 23 – كۈنى رىگان ئەپەندى «قىتئەلەر ئارا ئۇرۇش» سىياستىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بۇ بىر قاتار سىياسەتلەر كېيىن كرېمىل ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇشنىڭ ئېچىتقۇسى بولغان.

بۇگۈن كىشىلەر پىرىزىدېنت بوش ئەپەندىنى سابىق پىرىزىدېنت رىگان ئەپەندىگە سېلىشتۇردى. جۇڭگونى ئەينى چاغدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاتتى. پەرق شۇ بولدىكى پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى پەقەت جۇڭگونى «يادرو ئىمپېرىيىسى» دەپ، جاكارلىمىدى. بىراق، «قىتئەلەر ئارا ئۇرۇش» بىلەن «راكىتادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىستېمىسى»نى ئورۇنلاشتۇرۇش ئوخشاش سىياسەت ئىدى. شۇڭا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى خايدى ئەپەندى: ئاقسارايىنىڭ سابىق پىرىزىدېنت رىگاننى ئۈلگە قىلىپ جۇڭگونى «ياۋۇز ئىمپېرىيە» دەپ جاكارلاشنى تەشەببۇس قىلدى.

گەرچە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، سانائەتلەشكەن دۇنياۋى دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ سانائىتى 5% تىنى ئىگىلەيدۇ، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 25% - 15% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ 379 مىلياردلىق ھەربىي خىراجىتىگە سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگونىڭ ھەربىي خىراجىتى 10% كىمۇ يەتمەيدۇ. بۇنداق پەرقلىق سېلىشتۇرما ئىچىدە شۈبھىسىزكى جۇڭگو ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسى ئىچىدە گۇمران بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ «بىخەتەرلىكى» ھەرگىز ئامېرىكا بىلەن ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ. بەلكى، جۇڭگونىڭ «بىخەتەرلىكى» ئامېرىكا، نېمە دېسە ماقۇل دەپ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يولىدا مېڭىشنىڭ ئۈستىگىلا قۇرۇلىدۇ. ئامېرىكا بىلەن قارشىلاشقاندا ئاقىۋەت مۇقەررەر دەھشەتلىك بولىدۇ. شۇڭا جۇڭگونى دېموكراتىيەلەشتۇرۇش بۇ، - جۇڭگونىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر.

**«ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى»**

2002 – يىلى 6 – ئاينىڭ 23 – كۈنى

21 – كۈنى ئامېرىكا ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ دوكلادىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: جۇڭگو، ئافغانىستان تالىبانلىرى، ئەلقائىدە تېرروررىست تەشكىلاتلىرىنى ھەربىي تەلىم – تەربىيىدە چېنىقتۇردى، دەپ كۆرسەتتى. «ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى»

نېمە ئىش بولۇپ كەتتى، بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقى زادى قانچىلىك؟ ئامېرىكا ئارمىيىسى ئافغانىستانغا كىرىپ بولغىنى نەۋاخ. ئامېرىكا ئارمىيىسى تۇرغان يەردە جۇڭگونىڭ ھەربىي ئادەملىرىنىڭ ئافغانىستانغا كىرىپ تالىبانلارنى ھەربىي جەھەتتە تەربىيىلىشى ئەقىلغا سىغمىدىغان گەپمۇ، - بۇ؟

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغان خەۋەر بىلەن تەمىنلىگەن تەرەپ، تالىبانلارغا قارشى كۈچ ھېسابلانغان شىمالىي بىرلىك كۈچلىرى ئىكەن.

ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرى بۇ خەۋەردىن ھەيران قالغان ئىمىش. چۈنكى، ئامېرىكىنىڭ نەزىرىدە جۇڭگودا ئىسلام كۈچلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ (ئۇيغۇرلارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك) بەلكى بۇ ئىسلام كۈچلىرى ئافغانىستاندا ئەلقائىدە تەشكىلاتىنىڭ تەربىيىلىشىگە ئېرىشكەن.

بۇنىڭغا ئالاقىدار ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى مۇخبىرلارغا مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن بۇرۇن پاكىستاننىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئەلقائىدە تەشكىلاتىنى تەربىيىلىگەن. بۇنداق دوكلاد پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىتايپەرەست كۈچلەرگە پايدىسىز بولاتتى .

ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات خادىملىرى: جۇڭگو نېمە ئۈچۈن ئىسلامچى رادىكالىستلارغا ھەربىي تەلىم تەربىيە بېرىدۇ، چۈشەنمىدۇق دېيىشتى. لېكىن بەزى مۇتەخەسسىسلەر: مۇشۇ پۇرسەت ئارقىلىق جۇڭگو

تالبانلارنىڭ ئىشەنچنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بولسا كېرەك، دېيىشتى.
يەنە باشقا قاراشتىكىلەر: سابىق سوۋېتلەر 20 - ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرىدا دۈشمەنلەرنى ئالداش ھېلىسىنى ئىشلەتكەن. ئەكسىل ئىنقىلابى تەشكىلات قۇرۇپ، سىياسى غۇمى بار كىشىلەرنى تەشكىلاتىغا تەشكىللەپ كېيىن «پاش بولۇپ قالدى» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىپ ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلىغان، دېيىشتى. روسىيىلىكلەرنىڭ بۇ ئۇسۇلىدىن تولۇق پايدىلانغان ختاي مۇستەملىكچىلىرىمۇ 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىن تاكى ھازىرغىچە «ئەكسىيەتچى» تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ھېسسىياتچان، ئەقلى يوق، ئىجتىمائىي، سىياسى تەجرىبىسى يوق ياشلارنى تەشكىلاتلارغا جەلىپ قىلىپ «پاش بولۇپ قالدى» دەپ ئۆزلىرى پاش قىلىپ ھېسابسىز ئۇيغۇر ياشلىرىغا سىياسى زىيانكەشلىك قىلغان ئىدى ۋە ھازىرمۇ يەنە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.
يەنە بەزىلەر: جۇڭگو ھەربىي ئادەملىرىنىڭ تالىبانلارنى تەربىيىلىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى، مۇستەقىل ئۇيغۇرستانچىلارنى قولغا چۈشۈرۈش بولسا كېرەك، دېيىشتى. لېكىن جۇڭگو تالىبانلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنى ئىنكار قىلدى.

**تىبەت**

2002 – يىلى 7 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

تىبەتنىڭ روھانى داھىسى دالاي لامانىڭ ئاكىسى لورى گېرەي 1 – چىسلا شياڭگاڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىپ، ئۈچ ھەپتىلىك زىيارىتىنى باشلىدى. ئۇ 50 يىل بۇرۇن ئايرىلغان تىبەتنى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى ئۆزىنىڭ يۇرتىنى زىيارەت قىلىدۇ.

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» مۇنداق كۆرسەتتى: لورى گېرەي ئاۋۋال بېيجىڭدە جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئاندىن تىبەتنى، چىڭخەينى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرستاننى زىيارەت قىلدۇ. تىبەتنىڭ لىخاسا شەھرىدە توققۇز كۈن زىيارەتتە بولىدۇ. بۇ سەپەر 1952 – يىلدىن بۇگۈنگىچە لورى گېرەينىڭ تۇنجى قېتىم تىبەتنى زىيارەت قىلىشى ھېسابلىنىدۇ. 1950 – يىلدىن ھېسابلىغاندا لورى گېرەي تۇنجى قېتىم چىڭخەي ئۆلكىسى ئەن دۇ ناھىيىسىگە بېرىپ ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلغان بولىدۇ.

1959 – يىلى دالاي لاما قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دالاي لاما ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھىندىستان ۋە بىرماغا قېچىپ بېرىپ، كېيىن ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىك دادامىسلادا تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەن. شۇ چاغدا دالاي لامانىڭ ئاكىسى لورى گېرەي ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن دالاي لامانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچى بولغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 70 – يىللاردا جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان مەزگىللەردە تىبەتنى قوللاش پائالىيىتىنى توختاتقان. جۇڭگودا ئىسلاھاتچىلىق يولغا قويۇلغاندىن كېيىن لورى گېرەي جۇڭگو بىلەن دالاي لاما ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى كىشى بولۇپ قالدى .

بۇ كىشى 1979 – يىلى بېيجىڭدە دىڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى.

**روسىيە**

2002 – يىلى 7 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

جۇڭگو مەتبۇئاتلىرى: روسىيە بىلەن جۇڭگو 8 – ئايدا بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدۇ، دەپ خەۋەر تارقاتقاندا، موسكۋا مەتبۇئاتلىرى يۇقىرىقى خەۋەرگە قارىتا مۇۋاپىق خەۋەر ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرماي

ئەكسچە موسكۋا مەتبۇئاتلىرى بۇ خەۋەرنىڭ جۇڭگو ، تەيۋەن، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە شۇنداق دىققەتكە سازاۋەر بولغانلىقىغا قىزىققان .
بۇ خەۋەرگە قارىتا روسىيىنىڭ بىرنەپەر نوپۇزلۇق ئاخبارات خادىمى: 8 – ئايدا جۇڭگو بىلەن روسىيە بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدۇ، دېگەن گەپ ئاۋۋال 5 – ئايدا جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى موسكۋاغا بېرىپ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە مىنىستىرلىرى يىغىنىغا قاتناشقان چاغدا تېررورىزىمغا قارشى بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە توختالغان، يۇقىرىقى خەۋەر مۇشۇ مەنبەدىن تارقالغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى .
7 – ئاينىڭ 6 -، 7 – كۈنلىرى روسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن كاسپىي دېڭىز بويىدا قازاقىستاننىڭ ئاقتاۋ شەھرىدە قازاقىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پرېزىدېنتلىرى بىلەن غەيرى رەسمى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىكى، ئافغانىستاندا تېررورىزىم مەسىلىسى، روسىيە بىلەن ئوتتۇر ئاسىيا دۆلەتلىرى بىرلىكتە ئېنېرگىيە مەنبەئەلىرىنى ئېچىش پىلانى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى .
روسىيە بۇ دۆلەتلەر ئارا ئىقتىسادى ھەمكارلىقتا ئېتىبار بىلەن قارىدى، ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى يىغىندا ئېغىزغا ئېلىنمىدى. قىزىقى شۇ يەردىكى بۇ يىغىنغا روسىيە رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەر «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا قاتناشقان دۆلەتلەر ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم بۇ يىغىنغا جۇڭگو قاتناشتۇرۇلمىدى. تەكلىپ قىلىنمىدى. بۇ يەردە مەتبۇئاتلار بۇ يىغىننى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، روسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن ئورتا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى.
روسىيە ئاخبارات خادىملىرى: روسىيە تەرەپ جۇڭگو مەتبۇئاتلىرىنىڭ جۇڭگو، روسىيە مۇناسىۋەتلىرىنى كۆپتۈرۈپ خەۋەر قىلىۋاتقانلىقىغا

دىققەت قىلىۋاتىدۇ، بۇنداق خەۋەر بەلكى ئامېرىكا تەرەپكە بىرسىم پەيدا قىلىشنى مەخسەت قىلغان بولسا كېرەك، دەپ كۆرسەتتى .

سىدنىقھاجى روزى بۇنداق كۆزقاراشلارنى توغرا ئەمەس دەپ، قارايدۇ. چۈنكى، خىتاي مەتبۇئاتلىرىنىڭ، جۇڭگو، روسىيە مۇناسىۋەتلىرىنى كۆپتۈرۈپ خەۋەر قىلىشلىرى روسىيە تەرەپكىمۇ، ئامېرىكا تەرەپكىمۇ ئايان. ئامېرىكىغا ھېچقانداق بېسىم پەيدا قىلالمايدۇ. ئامېرىكا بىلەن روسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى نەدە، روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى نەدە؟ مەتبۇئات خادىملىرى شۇنداق بىر پاكىتنى ئۇنتۇپ قالدىكى، ئۇ بولسىمۇ، جۇڭگو مەتبۇئاتلىرى جۇڭگو، روسىيە مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىگە روھى بېسىم پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر مەسىلىسى روسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئەمەسمىدى. يېقىندىن بېرى روسىيە ياۋرۇپاغا مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، تارىختا ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك روسىيە، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىمۇ، شۇ مۇناسىۋەتلەرگە يارىشا ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىغا پەيدا قىلغان بېسىممۇ ياۋرۇپاغا مېڭىپ كەتكەن بولىدۇ. دەل شۇنداق پەيتتە خىتاي ھۆكۈمىتى، جۇڭگو، روسىيە مۇناسىۋەتلىرىنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ، روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان بوشلۇقنى تولدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ .

### پرېزىدېنت بوش

2002 – يىلى 7 – ئاينىڭ 20 - كۈنى

پرېزىدېنت بوش ئەپەندى 19 – كۈنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تاللانغان قىسىملىرى دالا ئارمىيىسى 10 – دىۋىزىيىسىنىڭ جەڭچىلىرىگە ھەربىي بازىسىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە: ھەرىكەت قوللىنىمىز، لۈكچەك دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قوللىنىمىز، كېڭەش

پالاتاسى دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتى پىلانىنى تېزرەك مۇقۇللىشى لازىم، دېدى.
بۇ تېپىلىق لۇكچەك دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرغاندا ئۇلارنى ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتىدۇ، دەپ قاراپ كۇنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان خەۋپ – خەتەرگە سەل قارىيالمايمىز، مۇمكىن بولسىلا دىپلوماتىك يول بىلەن زورۇر تېپىلغاندا مەسىلىلەرنى قوراللىق كۈچ بىلەن ھەل قىلىمىز، دەپ كۆرسەتتى .
پرېزىدېنت بوش ئەپەندى: پۇختا تەييارلىق قىلىپ كەسكىن ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. لۇكچەك دۆلەتلەرنىڭ باشقىلارنى تارمار قىلىشىغا ئامېرىكا يول قويمايدۇ، بىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىز بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. پرېزىدېنت بوشنىڭ نۇتقى ئامېرىكا روھىنى گەۋدىلەندۇرگەن نۇتۇق بولۇپ قالدى.

**باش ئەلچى....**

2002 – يىلى 7 – ئاينىڭ 31 – كۈنى

خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ سىياسى كومسارى، جا چۈنۋاڭ «شىنجاڭ»دا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «شىنجاڭ» دۈچ كەلگەن مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى، كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ، ۋەزىيەتنى تونۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك، دېدى .
16 – قۇرۇلتاي چاقىرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا خىتاينىڭ مەركىزى كومىتېتى، «شىنجاڭ»دا مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.
جاچۈنۋاڭ 7 – ئاينىڭ 24 – كۈندىن 29 – كۈنگىچە «شىنجاڭ»غا خىزمەت تەكشۈرۈشكە يېتىپ كەلدى. جا چۈنۋاڭ: خەلقئارا ۋەزىيەت

چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. مۇقىملىقنى قوغداش ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئېغىر، ساقچىلار، قوراللىق قىسىملار ۋەزىيەتنى تونۇپ مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى لازىم. خىزمەتلەرنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تونۇشى كېرەك. «شىنجاڭ» دۇچ كەلگەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئېغىرلىقىنى، ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. جياڭ زېمىننىڭ مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى ئەمەلىي كۈچەيتىشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتتى .

ئۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭ» جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى 29 – كۈنى: جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ بىردەك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مىللى بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشنى ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. ئۈرۈمچى – ئىلى تاشيولى، ئۈرۈمچى ئالتاي تاشيولى، كۈيتۇن – ئالتاي تاشيولى، ئۈرۈمچى – قەشقەر تاشيولى بويلىرى قاتارلىق يوللارغا قوراللىق ساقچى قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 16 – قۇرۇلتاينىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

نېمىشقا شۇنداق تەلەپ قىلدى، شۇ ئارىلىقتا ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرىستاننىڭ قەدىمى پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىنى زىيارەت قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەمدى ئۇيغۇرلا رنىڭ يۈرىكى يوغىناپ كەتتى، دەپ قارىدى بولغاي. ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىسى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغان مەزگىللەردە يۈرىكى يوغىناپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەقە سادىر قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى جا چۈنشاڭنى ئۈرۈمچىگە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىسى ئەسلىدە ئۈرۈمچى شەھرىنى رابىيە قادىر مەسلىسگە ئائىت زىيارەت قىلغان ئىدى.

**تەيۋەن**

2002 – يىلى 8 – ئاينىڭ 5 – كۈنى

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن 8 – ئاينىڭ 3 – كۈنى نۇتۇق سۆزلەپ: تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى «بىر تەرەپ بىر دۆلەت نەزەرىيىسى»نى «ئومۇمى خەلق بېلەت تاشلاش توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىشنى» ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى: ۋاشىنگتۇننىڭ ئاۋۋال بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى، «شاڭخەي ئاخباراتى»غا ئاساسلانغاندا ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياستى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى. (دېمەك ئامېرىكا سىياسەتتە جۇڭگوغا يان بېسىپ سۆزلىدى)

تەيۋەننىڭ سابىق پرېزىدېنتى لى دىڭخۈي 1999 – يىلى تەيۋەندە «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىشتىن ئاۋۋال ئامېرىكا تەرەپكە ئۇقتۇرۇپ قويمىغانلىقتىن ۋاشىنگتۇن خاپا بولۇپ كەتكەن. دىققەت قىلىدىغان بىر تەرەپ شۇكى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، «شاڭخەي ئاخباراتى»نىڭ بىر ئابزاسنى نەقىل كەلتۈرۈپ:«تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشايدىغان بارلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا جۇڭگو بار، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەيدىغانلا بولسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنداق سىياسى مەيدانغا باشقىچە كۆزقاراشتا بولمايدۇ، ئامېرىكا، تەيۋەن مەسلىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلىرى ھەر قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ» دېگەن بىر ئابزاسنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن .

ئەمدى بۈگۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس پەقەت بىر تەرىپى يەنى جۇڭگو، پەقەت بىرلا جۇڭگو بار، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، دېدى. ئەمما، تەيۋەنلىكلەر، «جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى بىر تەرەپ بىر دۆلەت مۇناسىۋىتى» دۇر. تەيۋەن باشقىلارنىڭ بىر ئۆلكىسى

ئەمەس، دېدى. «شاڭخەي ئاخباراتى»نىڭ مەزمۇنى پۈچەكلەشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى ئەمەلدارى: ئامېرىكىنىڭ مەيدانى ئېنىق ئىككى قىرغاقنىڭ ئىختىلاپلارنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار يەنە : ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىسىن پوۋېل: پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتىمىز جۇملىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى قول قويغان «شاڭخەي ئاخباراتى» ھەمدە «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى»نى قوللايدۇ، ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتىنى ۋاشىنگىتۇننىڭ ئۆزگەرتىش نىيىتى يوق، دېدى دەپ كۆرسەتتى.
تەيۋەننىڭ سابىق پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي 1999 – يىلى تەيۋەندە «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ۋاشىنگىتۇن ئىشتىن ئاۋۋال بۇنداق نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتلىرى شۇ چاغلارنى ئەسلەپ: ئامېرىكا تەرەپ تەيىپنىڭ بۇ كۈنلەردە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتى بىلەن قايچىلىشىدىغان «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ۋاشىنگىتۇن قاتتىق غەزەپلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى نەپەر دىپلوماتنى تەيۋەنگە ئەۋەتىپ، تەيۋەننىڭ ھەقىقى غەرىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلگەن، دېيىشتى.
دىپلوماتلار: «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» تەيۋەننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئامېرىكىنىڭ قوللىمايدىغان پوزىتسىيىسىنى پەيدا قىلدى ھەمدە جۇڭگونىڭ «بىر جۇڭگو ۋە تەيۋەن مەسىلىسى» توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، دېيىشتى. ئەمەلدارلار: ۋاشىنگىتۇن بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى ھازىر بىرقەدەر ياخشى، چىن شۈي بيەن بۇرۇن ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئامېرىكىنى رازى قىلمەن، دېگەن، لېكىن تۇنۇگۇنكى سىلكىنىشتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار

ئىنتايىن ھەيران قالدى. نېمىشقا چىن شۈي بيەن بۇنداق نەزەربيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئامېرىكىغا تۈيۈقسىزلىق ھېس قىلدۇردى.
ئەينى يىللاردا «ئىككى دۆلەت نەزەربيىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئامېرىكا ئۇدا ئىككى يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا پىكىر بايان قىلىپ، تەيۋەن توغرىسىدىكى لايىھەلەرگە قارشى تۇرغان. ئەمدى «بىر تەرەپ بىر دۆلەت نەزەربيىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن 9 –ئايدا ئېچىلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ئامېرىكا، تەيۋەنگە قارشى پىكىر قىلامدۇ ياكى سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنامدۇ؟ شامالنىڭ يۆنۈلۈشىگە قاراش كېرەك.
تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چىن شۈي بيەننىڭ نۇتۇق ئىبارىلىرىگە ئىپادە بىلدۈرۈپ جۇڭگو ھۆكۈمىتى: «چىن شۈي بيەن تەيۋەن مۇستەقىللىقى ئىدىيىسىنى ئۇزۇندىن بېرى يوشۇرۇپ كەلگەن. بۇ قېتىم ئاشكارە پارتلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەگەر ئۇ، ئومۇمى خەلق بېلەت تاشلاش يولى ئارقىلىق تەيۋەن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلايدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھەرىكەت ئۇرۇش ئېلان قىلغانغا باراۋەر، دەپ كۆرسەتتى .

**ئامېرىكا**

2002 – يىلى 8 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئەسى ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى ۋورد ئەپەندى: يېقىندا ئېلان قىلىنغان بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ جۇڭگونىڭ ھەربىي كۈچى توغرىسىدىكى دوكلادى ۋە ئامېرىكا كوڭگرىسىنىڭ قارمىقىدىكى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلادى ئېنىق ئاشكارىلىدىكى بېيجىڭ تېز ئارىدا ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى سىياسى ۋە ئىقتىسادى نىشانىغا قارشى بىر تەھدىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، دەپ كۆرسەتتى . ۋورد ئەپەندى: «ۋاشىنگتۇن غەزىنىسى» تەشكىلاتى نەشر قىلىدىغان «جۇڭگو

توغرىسىدا قىسقا خەۋەرلەر» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىغا بىر پارچە ماقالە يېزىپ: «بۇ ئىككى پارچە دوكلاد ۋاشىنگتونىدا جۇڭگو سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان ئادەملەرنى سەگەكلەشتۇرۇشى لازىم». جۇڭگو سىياسىتىنى بەلگىلەشكە قاتنىشىدىغان كىشىلەر ۋە جۇڭگوغا كاپىتال سالىدىغان كىشىلەر يەنە داۋاملىق بىر نەچچە يۈز مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، كەلگۈسى مەنپەئەتنى خام – خىيال قىلىۋاتقان كىشىلەر، ھازىر جۇڭگونىڭ بۇ كۈنلەردە ئامېرىكىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان نىشانىغا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى، دەپ كۆرسەتتى .
بۇ ئىككى پارچە دوكلاد ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭغا سەل قارايدىغان كۈنلىرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى، لېكىن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتى يەنىلا ئۆتمۈشتىكى، سوۋېتلەرگە قارشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىنىڭ ھەمدە جۇڭگو ئەڭ ئاخىر تىنچ، دېموكراتىك جەمئىيەتكە ۋە دېموكراتىك دۆلەتكە ئۆزگىرىپ ئاسىيادا بىر ئاسايىش كۈچكە ئايلىنىدۇ، - دېگەن خام خىيالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، دەپ كۆرسەتتى .
ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەيدۇ، ۋورد ئەپەندى: كۆڭۈلسىزلىك شۇكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگولۇقنىڭ مىللەتچىلىكى غالجىرلاشقاندا، پاكىتلار يەنە ئىسپاتلىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى پارىخورلۇق خىيانەتچىلىكتىن پەيدا بولغان زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالمىدى.
ۋورد ئەپەندى: بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ دوكلادى ھەمدە بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلادى، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرىدىغان قىلمىشلىرىنىڭ تەپسىلاتى بىلەن تەمىنلىدى. تەمىنلەش جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئەمدى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق مۇنازىرە قىلىشقا ئېلىپ كەلدى، دەپ كۆرسەتتى .

**دالاي لاما**

2002 – يىلى 8 – ئاينىڭ 10 – كۈنى

دالاي لامانىڭ قېرىندىشى لورى گېرەي 7 – ئاي ئىچىدە ئايرىلغىلى 50 يىل بولغان يۇرتى چىڭخەي ئۆلكىسى ئەندۇ ناھىيىسىگە بېرىپ، تۇغقانلىرىنى يوقلىدى. تىبەتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن خۇشال بولۇپ، تىبەتنىڭ كەلگۈسىدىن «ئۈمىدۋار» بولدى. لورى گېرەي خىتاينىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ جاۋگوغا تەكلىپ بېرىپ، لورى گېرەي: جياڭ زېمىننىڭ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلدى. لورى گېرەي زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شياڭگاڭغا قايتىپ كېلىپ «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» تىبەت بۆلۈمىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: بېيجىڭدە جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن لىخاسادا تىبەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

لورى گېرەي خۇسۇسى سالاھىيەت بىلەن جۇڭگوغا يېتىپ كەلدى. بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىلگىرى – كېيىن تىبەت، چىڭخەي، «شىنجاڭ» مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستان قاتارلىق ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلدى. ئۇ بېيجىڭدە ۋاڭ جاۋگو ۋە مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. تىبەتتە ئاسارە – ئەتىقە ئىزنالىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى .

لورى گېرەي: يېقىندا ھىندىستان – دىدامسالاغا قايتىمەن، كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىمنى، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكىمنى دالاي لاما سۆزلەپ بېرىمەن دەپ، كۆرسەتتى. لېكىن لورى گېرەي تاشقى دۇنيا قىزىقىۋاتقان بىر مەسىلە – بېيجىڭ رەھبەرلىرى لورى گېرەي بىلەن كۆرۈشكەندە نېمىلەر توغرىسىدا سۆزلەشكەنلىكىنىڭ تەپسىلاتىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى.

**رابىيە قادىر**

2002 – يىلى 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى

بەزى ئىشلار ئېمىشقا بىر – بىرىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ؟ ئۇيغۇرلار مەسلىسى خەلقئارا سەھنىگە چىققاندا خىتاينىڭ بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە قارشى سىياسىتىمۇ خەلقئارا سەھنىگە چىقتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەسلىسى نۆۋەتتە خەلقئارا سەھنىگە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاينىڭ بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇلىرىغا قارشى تۇرۇش سىياستى دىپلوماتىك سىياسى مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرۇشى، ئۇيغۇرنىڭ ئېتنىك مىللەتلىك، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق مىللەتلىك ئورنىنى خەلقئارا سىياسى سەھنىدە ئېنىقمۇ ئۇلۇغ، ئېنىقمۇ تولۇق گەۋدىلەندۈردى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇى روبىنسۇن خانىم بېيجىڭدە ئۇيغۇرنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلگەندە، رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، 2002 –يىلى 8 – ئاينىڭ 21 – كۈنى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك «نيورك ۋاقىت گېزىتى» ماقالە ئېلان قىلغاندىن كېيىن، چاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرنىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى، ئۆزىگە يار – يۆلەك بولغۇچى، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك روسىينىڭ پىرىزىدېنتى ھال سوراشقا ئەۋەتكەن روسىينىڭ ۋەزىرنى يېنىغا تارتىپ، تارىخى تۈيغۇغا چۆمۈلۈپ، رېئال ئازابلار ئىچىدە پۇچۇلۇنۇپ، 22 – كۈنى شاڭخەيدە، روسىينىڭ ۋەزىرى كاشيانوپ بىلەن جۇڭگونىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى ئىككى دۆلەت ۋەزىرلىرنىڭ قەرەللىك 7 – نۆۋەتلىك ئۇچرۇشۇشنى ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ: تېرروررىزىمغا قارشى خەلقئارا

ۋە رايون خاراكتېرلىك مەسىلىلەر بويىچە، «جۇڭگو، روسىيە ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نى ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي، سودا، پەن – تېخنىكا مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش بويىچە ھۆججەت ئالماشتۇرۇپ ئورتاق تونۇشقا كەلدى.

ئۇچرۇشۇشتىن كېيىن روسىيىنىڭ ۋەزىرى كاشىيانوپ بىلەن خىتاينىڭ ۋەزىرى جۇرۇڭجى بىرلەشمە ئاخباراتقا ئىمزا قويۇپ، ئاخباراتتا ئىككى تەرەپ: ئىككى تەرەپ ھەرقايسى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش، قوغداش تىرىشچانلىقىنى ئۆزئارا داۋاملىق قوللايدۇ، دەپ قايتا تەكىتلىدى. بۇ دېگەنلىك ئۇيغۇرىستاننى خىتايغا روسىيە – ستالىن قوشۇپ بەرگەن، جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى يەنە ئورتاق قوغدايدۇ، دېگەنلىكمۇ بۇ؟ ئاخباراتتا روسىيە تەرەپ: جۇڭگو تەرەپنىڭ تەيۋەن، تىبەت مەسىلىسى بويىچە پىرىنسىپلىق مەيداننى ۋە مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۈچلىرىگە، تېررورىست بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئاخباراتتا: روسىيە تەرەپنىڭ چېچەنىستان تېررورىستلىرى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىككى دۆلەت ۋەزىرلىرى: تېررورىزىم پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق تەھدىت. بۇ ئومۇمى ئاپەتكە زەربە بېرىش جەريانىدا، خەلقئارا قانۇنلارنى ئاساس قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى .

تېررورىزىمغا قارشى تۇرغاندا قوش ئۆلچەم قوللانماسلىق كېرەك. (بۇ يەردە ئىككى دۆلەت سۆز – ئىبارىلەرنىڭ تىغ ئۇچىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى قوللاۋاتقان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا قاراتتى) تېررورىزىمنى ئالاھىدە مىللەت ياكى ئالاھىدە دىن بىلەن

بىرلەشتۇرۇپ قارىماسلىق كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىك كومىتېتى تېررورىزىمغا قارشى خەلقئارا ھەرىكەتتە يادرولۇق ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى .
ئىككى تەرەپ بىرلەشمە ئاخباراتتا: روسىيە بىلەن جۇڭگو، خەلقئارا ساھەدە ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئادالەت، مۇۋاپىق خەلقئارا تەرتىپ يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى .
ئۇيغۇر مەسلىسى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قولىغا چىقىۋدى، خىتاي مۇستەملىكچىلىرى كونا دوستى روسىيىنى يېنىغا تارتىپ ئۆلتۈرالماي قالدى، تاقابىل تۇرماقچى بولدى. دىپلوماتىيە يېڭى باشلاندى. ئۇيغۇرلار مەسلىسى بويىچە خەلقئارا سىياسى ساھەدە روسىيە بىلەن خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى قانداق رول ئوينايدۇ، ئۇيغۇرلار مەسلىسى بويىچە خەلقئارا سىياسەت ساھەسىدە ئامېرىكا بىلەن روسىيىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى يەنە قانداق رول ئوينايدۇ، ھاياتلا بولساق بۇ ئويۇنلارنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرىمىز ۋەتەنداشلىرىم!
ئاللاھ! ئامېرىكا بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتكە يەنە قۇدرەت ئاتا قىل!
كۆرەيلۇق ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى كۆرەيلۇق، شۇڭغىچە رابىيە خېنىمغا، سىدىقھاجى روزىغا، باللىرىمغا، شۇ كۈنلەرگە تەشنا بولۇپ تۇرغۇچى پاك نىيەتلىك بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئۆمۈر ئاتا قىل، ئاللاھ!

**دالاي لاما**

2002 – يىلى 9 –ئاينىڭ 10 – كۈنى

دالاي لاما تەيىنلىگەن بىر گۇرۇپپا سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى 9 – كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ زىيارىتىنى باشلىۋەتتى. 1993 – يىلى تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بۇ قېتىمقى زىيارەت ئىككى تەرەپ تۇنجى قېتىم سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن زىيارەت ھېسابلاندى .

دالاي لامانىڭ ئىشخانىسى 9 – كۈنى 1997 – يىلدىن باشلاپ تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى تۆت – بەش قېتىم بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى. لېكىن زىيارەتنىڭ دەرىجىسى بۇ قېتىمقى زىيارەتتەك رەسمى بولمىغانتى، دەپ كۆرسەتتى .

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى بۈگۈن، دالاي لامانىڭ ئىككى نەپەر ۋەكىلىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشىدىن مەمنۇن بولدى. باياناتچى رىچارد بېروشىر ئەپەندى: ئامېرىكا، دالاي لاما ۋەكىلىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشىدىن مەمنۇن بولدى. پرېزىدېنت بوش بىلەن دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىنى يوۋېل، جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ۋە باشقا جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، تىبەت بىلەن جۇڭگو سۆھبىتىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇھاكىمە قىلغانتى، دەپ كۆرسەتتى .

يېقىندىن بېرى بېيجىڭ تىبەت ئىشلىرى بويىچە ئارقىمۇ – ئارقا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئارقا – ئارقىدىن تۆت نەپەر تىبەتلىكنى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى. دالاي لامانىڭ قېرىندىشى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ تىبەتنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى 8 – ئايدا ئايرىم – ئايرىم ھالدا تىبەتنى زىيارەت قىلدى.

**ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى**

2002 – يىلى 9 – ئاينىڭ 13 – كۈنى

جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇگۈنلەردە تىبەتنىڭ سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرىنى بېيجىڭغا سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىشى 10 – ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان پىرېزىدېنت بۇش بىلەن جياڭ زېمىن سۆھبىتىدىن بۇرۇن، تىبەت مەسىلىسى بويىچە تۇۋاقنى يېپىۋېلىش بولسا كېرەك، دەپ كۆرسەتتى .

تىبەت ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر: نېگىزلىك تۈگۈنلەر بويىچە ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىنى يورغىلاتقانلىقتىن، تىبەتنىڭ ۋەكىللىرى ئىنتايىن قىيىن سۆھبەت ۋەزىيىتىگە دۇچ كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

تەيۋەن «جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ خەۋەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «جۇڭگونىڭ تىبەت مەسىلىسى بويىچە مەيداننى بوشاشتۇرغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بۈنىڭدىن سەل بۇرۇن كۆرۈلۈشكە باشلىغاندى» دەپ كۆرسەتتى. 1 – ئايدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىبەت مەسىلىسى توغرىسىدا غەيرى نورمال بىر مەيدان يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا تىبەت ئىشلىرىغا مەسئۇل جۇڭگو ئەمەلدارلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ھەمدە بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى ئاخبارات ساھەسىگە ئاشكارىلىماسلىق تەلەپ قىلىندى.

يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان «لوندۇن شەرقىي ئافرىكا» تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تىبەتلىك تىبەت ئىشلىرى تەتقىقاتچىسى زىرىن شاجا ئەپەندى: بۇ يىغىنغا قاتناشقان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى سەرگەردان تىبەتلىكلەرنىڭ يۇرتىمىزغا قايتالمىدۇق، دېگەن داتلاشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئەمەلدارلار سەرگەردان تىبەتلىكلەرنىڭ پىكرىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۆپلىگەن تىبەتلىكلەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ تۇققان يوقلىشىغا رۇخسەت قىلدى. قارىغاندا جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ تىبەتكە مۇناسىۋەتلىك

تەپەككۇردا مەلۇم ئۆزگىرىش يۈز بەردى، دەپ كۆرسەتتى. ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە مۇز ئېرىدى، دېگىلى بولمىسىمۇ ئاز – تولا ئۆزگىرىش يۈز بەردى .

بۇ قېتىم تىبەت ۋەكىللىرىنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشى چەت ئەللەردە دالاي لاما بىلەن جۇڭگونىڭ سۆھبىتى باشلاندى دېگەن ئۈمىدكە ئوت يېقىۋەتتى. لېكىن مۇتەخەسسىسلەر 1984 – يىلىدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ: شۇ چاغدا تىبەت، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈمىد قىلىنغان. لېكىن كېيىنچە بۇ ئۈمىد مەغلۇپ بولدى. ئەمدى بۈگۈننى ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ، جۇڭگو كۈچىيىپ كەتتى، تەسىر كۈچ پەيدا قىلدى، سۆھبەت تېخىمۇ قىيىن بولۇشى مۇمكىن، دېيىشتى .

«قارلىق شەھەرنىڭ ئەجدىرھاسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى زىرىن شاجا ئەپەندى: تىبەتلىكلەر ئۈچۈن ھەرقانداق سۆھبەت قىيىن، دېدى. لېكىن بۇ ئەپەندى پەرەز قىلىپ: جۇڭگو تەرەپ بىلەن تىبەت تەرەپ سۆھبەتكە ئولتۇرغاندا، تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن سۆزلىنىش ياكى سۆز ئېچىش چەكلەنگەن، - دەپ قارالغان مەسىلىلەر بويىچە جۇڭگو ئۆزىنىڭ مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، يەنى بېيجىڭ دالاي لاماغا، تىبەتنىڭ سىرتىدا تىبەتلىكلەر ياشايدىغان سىچۈەن، يۈننەن، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەر ۋە رايونلارغا قويغان زېمىن تەلىپىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن، دېدى.

بۇ مەسىلە ئىككى تەرەپ سۆھبىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. چۈنكى سەرگەردان تىبەتلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى تىبەت ئاپتونوم رايونىنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردىن كېلىپ دادامسلاغا توپلانغان كىشىلەردۇر.

**پرېزىدېنت بوش**

2002 – يىلى 9 – ئاينىڭ 20 – كۈنى

پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى «ھەربىي تاكتىكا» توغرىسىدا دوكلاد ئېلان قىلىپ: «ئامېرىكا، زور كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى تەرەققى قىلدۇرۇۋاتقان دۈشمەن دۆلەتلەرگە ۋە تېررورىست تەشكىلاتلارغا ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىپ تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى .

بۇ دوكلادتا: «ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئۈستۈنلۈك جەھەتتە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكىدەك خىرىسقا دۇچ كېلىشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى.

پرېزىدېنت بوشنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيىسى: بىزنىڭ ئارمىيىمىز، يوشۇرۇن دۈشمەنلەرگە تەھدىت پەيدا قىلالايدىغان قۇدرەتلىك ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى كېرەك. ئامېرىكىدىن ھالقىپ، ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىدىغان ھەربىي تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا پېتىپ قالغان روسىيە ھەربىي خىراجەت جەھەتتە ئامېرىكىغا يېتىشەلمىگەنلىكتىن، ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇشى ئەلۋەتتە جۇڭگودەك يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان دۆلەتكە قارىتىلغان بولىدۇ. شۇڭا جۇڭگو ھازىر ئەنئەنىۋى يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كىرىشتى.

«ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسى» دەپ، نام بېرىلگەن بۇ دوكلاد، تەرتىپ بويىچە ھەر تۆۋەتلىك پرېزىدېنتلار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە تاپشۇرۇشى زۆرۈر بولغان دوكلاد ۋە پرېزىدېنت بوشنىڭ تاشقى سىياسىتى ئومۇملاشتۇرۇلغان دوكلاد ئىدى. دوكلادتا، دۆلەت بىخەتەرلىكى تاكتىكىسى سابىق پرېزىدېنت رىگان ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىن كېيىنكى، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئاكتىپ تاكتىكا دەپ، تەسۋىرلەندى. «ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسى» دېيىلگەن بۇ دوكلادتا، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر نۇقتا شۇ بولدىكى، پرېزىدېنت

بوشنىڭ: باشقا زوراۋان دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا يېتىشىۋېلىپ، سوۋېتلەر ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى، ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا تەھدىت پەيدا قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دېگەنلىكى دوكلادنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلاندى .

**لى دىڭ خۇي**

2002 –يىلى 9 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

تەيۋەننىڭ سابىق پرېزىدېنتى لى دىڭ خۇي ياپونىيە «ئوكناۋا ۋاقىت گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «تەيۋەن ۋە جۇڭگو گەرچە دىياۋيۇيۇتەي ئارىلىغا ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى داۋا قىلسىمۇ، لېكىن دىياۋيۇتەي ئارىلى ياپونىيىگە مەنسۇپ، دەپ كۆرسەتتى .

لى دىڭ خۇي: «دىياۋيۇتەي تاقىم ئاراللىرى مەسىلىسى بويىچە جۇڭگو، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئارالدا ئىنتايىن كۆپ نېفىت زاپىسى بار، لېكىن جۇڭگو بۇ ئاراللاردا ئەزەلدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ باققان ئەمەس. شۇڭا ئېنىقكى دىياۋيۇ تاقىم ئاراللىرى شۈبھىسىزكى ياپونىيىگە تەئەللۇق ئاراللاردۇر، دەپ كۆرسەتتى .

لى دىڭ خۇي: «تەيۋەنلىك بېلىقچىلارمۇ پات – پات دىياۋيۇتەي ئارىلىنىڭ تالاش – تارتىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇ بېلىقچىلار شىياڭگاڭلىقنىڭ قۇتۇرتۇشىغا ئۇچرايدۇ، شۇڭلاشقا مۇھىمى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇشتىن بۇرۇن تەيۋەن بېلىقچىلىرى بىلەن تۈزگەن «بېلىقچىلىق ھوقۇقى» توختامىغا ئەمەل قىلىپ، تەيۋەن بېلىقچىلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى .

**هىندىستان**

2002 – يىلى 9 – ئاينىڭ 26 – كۈنى

هىندىستان ھەربىي تەرەپ تاجىكىستاندا ئافغانىستانغا يېقىن بىر ئورۇندا ھەربىي بازا قۇردى. ھەربىي بازا قۇرۇش بېيجىڭنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. بېيجىڭ بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت ھېس قىلدى.
جۇڭگونىڭ «گۋاڭ مىڭ گېزىتى» روسىيىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «هىندىستاننىڭ ھەربىي بازىسى تاجىكىستان چېگراسىنىڭ ئىچىدە ئافغانىستانغا يېقىن بەكىر رايوندا قۇرۇلدى، دەپ كۆرسەتتى.
«هىندىستان ۋاقىت گېزىتى»، تاجىكىستاندا ھەربىي بازا قۇرۇش، هىندىستاننىڭ ئورتا ئاسىياغا كىرىشىنىڭ تۈنجى قەدىمى، هىندىستاننىڭ ئۇلۇغۋار نىشانى – پاكىستاننىڭ ئەتراپىدا ھەربىي بازا قۇرۇپ، هىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك قارىمۇقارشىلىقىدا هىندىستاننىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى .
خەۋەرلەرگە قارىغاندا هىندىستاننىڭ تاجىكىستاندا ھەربىي بازا قۇرۇشى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشىنىڭ مۇھىم نىشانى ئىكەن.

**تىبەت**

2002 –يىلى 9 – ئاينىڭ 29 – كۈنى

تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا ئەۋەتكەن ئىككى نەپەر ۋەكىل، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ باراۋەر دەرىجىدە مۇئامىلە قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بېيجىڭ تەرەپكە بۈگۈن، ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى كېلەر يىلى 7 – ئايدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇچۇر يەتكۈزدى .

تبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى لى بوجى، بۈگۈن تىبەت سەرگەردانلىرىنىڭ قانۇن تۈرغۈزۇش ئورگانلىرىغا: «بۇ قېتىمقى زىيارەتتە تىبەتنىڭ ئەلچىلىرى تۇنجى قېتىم ئوخشاش دەرىجىلىك مۇئامىلىگە ئېرىشتى. بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت، بىر دىپلومات بىلەن ئىككىنچى بىر دىپلومات سۆھبەتلىشىش شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەن ئىككى تەرەپنىڭ كېلەر يىلى 7 – ئايدىن بۇرۇن تىبەتنىڭ ئورنى مەسلىسى بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

لېكىن، - دېدى ئۇ. ئىككى نەپەر ئەلچىنىڭ بۇ قېتىمقى بېيجىڭ زىيارىتى، كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەت تېمىلىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، دېسەك تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

تىبەتنىڭ ئىككى نەپەر ئەلچىسى بېيجىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق دادامسالا ئۆلكىسىگە قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى زىيارەت بېيجىڭ رەھبەرلىرى بىلەن تىبەت رەھبەرلىرىنىڭ ئون يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم پىكىر ئالماشتۇرۇشى، دەپ تەرىپلەندى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتى ھوقۇقى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش سىياستى ـــــ تىبەتلەر ئىچكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇش، دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن دۆلەت مۇداپىئەسىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىش سىياستىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

**تىبەتكە قىسقىچە نەزەر**

2002 – يىلى 9 –ئاينىڭ 29 – كۈنى

ئامېرىكا ئىراققا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئوتتۇرا شەرقنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلىغاندا، كورىيە يېرىم ئارىلىدا تىنچلىقنىڭ تاڭ نۇرى كۆتۈرۈلگەندە، دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرى 9 –

ئاينىڭ 9 – كۈنى بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى. 1993 – يىلى تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەت ئەمدى ئىككى تەرەپنىڭ رەسمى ئۇچرىششى ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

بىراق خىتاي مىللەتچىلىرى: بېيجىڭ بىلەن دالاي لامانىڭ يارىشىپ قېلىشىدىن ئۈمىد زور ئەمەس. چۈنكى تىبەت مەسىلىسىنىڭ تۈگۈنى يېشىۋەتكىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ، تىبەت «شىنجاڭ» مەسىلىسى بويىچە خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈزۈندىن بېرى «شىنجاڭ»، «ئىچكى موڭغۇلىيە، تەيۋەن، تىبەت توغرىسىدا زوزۇڭتاڭنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تەكىتلەپ كەلگەن. «شىنجاڭ»غا ئېتىبار بەرگەندە موڭغۇلىيىنى قوغداشتىن دېرەك بېرىدۇ، موڭغۇلىيىنى قوغداش بېيجىڭنى قوغداشتىن دېرەك بېرىدۇ» دەيدىغان زوزۇڭتاڭنىڭ كۆزقارىشى بۈگۈنكى دەۋر خىتايلىرىنىڭ تېپىك مىللى مۇستەملىكچىلىك كۆزقارىشى بولۇپ، تەيۋەن، تىبەت، «شىنجاڭ» مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستان تىلغا ئېلىنغان ھامان تەكرارلاپ تۇرىدىغان «ئىدىئولوگىيىلىك» قاراشتۇر.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، جۇڭگو زەئىپلەشتى. ھىندىستاننى مۇستەملىككە قىلىپ تۇرغان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى، تىبەتكە تاجاۋۇز قىلدى. ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بىر ئۆزگىرىپلا تىبەتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. گەرچە خىتايلار ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندەك، ھىندىستان تىبەتكە تاجاۋۇز قىلمىغان بولسىمۇ، گۇمانسىرىغان خىتاي ھۆكۈمىتى 1962 – يىلى ھىندىستانغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ھىندىستان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تىبەت مۇستەقىلچىلىرىنى قوللاپ خىتايدىن ئۆچ ئالدى. 1947 – يىلى ئەنگلىيە ھىندىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن تىبەت ئىشلىرى تاشلاپ قويۇلغاندا، ئامېرىكا تىبەت ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى. ئامېرىكا تىبەت مۇستەقىلچىلىرىنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن قوللاپ خىتاينى چەكلەشكە باشلىدى.

دالاي لامانىڭ «بۈيۈك تىبەت» فورمىلىسى ھەقىقى مەنىدە مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىش بولۇپ، بۇ ئىش مەسىلىنىڭ ھەقىقى تۈگۈنىدۇر. 1987 – يىلى دالاي لاما بەش نۇقتىلىق پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى.

1 – تىبەتنىڭ بارلىق تېررىتورىيىسىنى تىنچلىق رايونىغا ئايلاندۇرۇش. پۈتۈن تىبەت دېگەنلىك جۇملىدىن تىبەت ئاپتونوم رايونى، چىڭخەي ئۆلكىسى، سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي – شىمالى قىسمى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قاتارلىق تىبەتلىكلەر ئولتۇراقلاشقان بارلىق زېمىنلار ـــــــ 250 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىن تىبەت تېررىتورىيىسىگە كىرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. تىبەتنى تىنچ رايونغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك، يەنى جۇڭگو تىبەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ئەسكەر چېكىندۇرۇش كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

2 . جۇڭگو، تىبەت خەلقىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا تەھدىت پەيدا قىلغۇچى، تىبەتكە ئاھالە كۆچۈرۈش سىياسىتىنى توختىتىش كېرەك. بۇنداق شەرت، تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دېگەن سەپسەتىدىن ئىنكار قىلىشتۇر. جۇڭگولۇقلار بۇ رايونلارغا كۆچمەن بولۇپ كەلمەسلىكى كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

3 – جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىبەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك .

4 – تىبەتنىڭ تەبىئى مۇھىتىنى قوغداش، قايتا قۇرۇش، جۇڭگو تىبەتتە ئاتوم قورالىرى ياساش، كېرەكسىز ئاتوم ماتېرىياللىرىنى تىبەتتە ساقلاش غەرىزىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك .

5 – تىبەتنىڭ كەلگۈسى ئورنى ۋە تىبەت خەلقى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش. بۇ نۇقتا ھەم «تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دېگەن سۆزنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

مەن بۇ بەش نۇقتىلىق پىلاننىڭ بىرقانچە ۋارىيانتىنى كۆرگەن ئىدىم. بۈگۈن پەقەت بىر خىلىنىلا ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇردۇم. «تىبەتنى ھەربىر

ئىشلاردىن خالىي رايونغا ئايلاندۇرۇش» دېگەن بىر نۇقتىنى كۆرگەن ئىدىم.
قىسقىسى دالاي لامانىڭ «بەش نۇقتىلىق پىلانى» مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان پىلان بولغاچقا خىتاي ھۆكۈمىتى قانداق پوزىتسىيە قوللىنىشى مۇمكىن؟ ئەمما دالاي لاما بۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ. ھازىر ئەمەلىيەتتە تىبەت مەسىلىسى ئاللىقاچان خەلقئارالاشتى. ئامېرىكا دالاي لامانى بار كۈچى بىلەن قوللاشقا ئۆتتى .
مەسىلەن، 20 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكا تىبەت سەرگەردانلىرىغا ھەر يىلى 7 مىليون 500 مىڭ دوللاردىن پۇل ئاجرىتىشقا باشلىغان، ئامېرىكا ھەر يىلى 50 نەپەر تىبەتلىك ئوقۇغۇچىنى مۇكاپات بېرىش شەكلىدە ئامېرىكىدا ئوقۇتۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.
خۇددى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى 1992 – يىلى قارار ماقۇللاپ «تىبەت ئىشغال قىلىنغان ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت» دەپ كۆرسەتكەندەك، ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كېيىنكى چاغلاردا تىبەت ئىشلىرى بويىچە ۋالى بەلگىلەپ، جۇڭگونى سەگىتىشكە باشلىدى. كۆپ يىللاردىن بېرى تىبەت سەرگەردانلىرى ئامېرىكىدا «مۇستەقىل تىبەت ئورگانلىرى»نى تەھسىس قىلىشقا باشلىدى.
قىسقىسى ئامېرىكا تىبەتتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ، تىبەت مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ يەر شارى سىياسىتىنىڭ، ئاسىيا سىياسىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. (تىبەت مەسىلىسى ھەل بولغان ھامان ئۇيغۇرستان مەسىلىسى ھەل بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا رسەڭ بولىدۇ). دالاي لاما ھەم «بۈيۈك تىبەت چۈشى»دىن ۋاز كەچمەيدۇ. «بەش نۇقتىلىق تىنچلىق» پىلاندىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. جۇڭگولۇقنىڭ مەيدانى تىبەت توغرىسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا خۇددى جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك «ئاز سانلىق مىللەت دېگەن ئاز سانلىق مىللەتتۇر، ئادىل مۇئامىلە قىلساق،

ئېتبار بەرسەك بولىدىغۇ، جۇڭگونى پارچىلاشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ» دېگەندەك تۇتۇغۇشۇق مۇتىھەمنىڭ مەيدانىدۇر.
دالاي لامانىڭ سەرگەردان ھاياتى يېرىم ئەسىرگە يېقىنلاشتى. كۆرمىگەن كۈنى، تارتمىغان مۇشەققەتلىرى قالمىدى. قېرىپ قالدى. تىبەتتە دىن بىلەن سىياسەت بىرلەشكەن ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخىچە ئەمەلگە ئاشمىدى. تىبەتنىڭ ئىقتىسادى ئۆچقاندەك تەرەققى قىلدى، دېدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى. لېكىن تىبەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى كۈندىن – كۈنگە ئوسالللاشتى .
بېيجىڭ دائىرلىرى بۇ قېتىم دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىشىگە ماقۇل بولۇپ، تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ چېگرا بىخەتەرلىكىنى ھەل قىلماقچى بولغاندەك ئىش قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا «شىنجاڭ» مۇستەقىللىقى (ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى) ئاندىن تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نىيىتىگە كەلگەندەك تۇرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ۋە بۇ خىل تەرەددۇتلارنىڭ تەسىرىنى مۆلچەرلەپ يەتكىلى بولمايدۇ. بېيجىڭ ئاقىلانىلىق كۆرسەتتىمۇ؟ كېيىدە تۇرامدۇ، يېنىۋالمايدىغاندۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ. بىراق بۇ قېتىم ھەل قىلىش چارىسىنىڭ ئاچقۇچىنى دالاي لامانىڭ قولىغا تۇتقۇزىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئاچقۇچ جۇڭگونىڭ باياناتچىسى كۆڭ چۈەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: دالاي لاما، تىبەت ۋە تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەپ، ئېتىراپ قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن ئاچقۇچ ئىدى. بۇنداق تەلەپنى دالاي لاما قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ؟ ئەگەشكۈچىلىرىچۇ؟ دالاي لامانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ؟ يۇقىرىقىلار بىر ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرغان فورمىلاردۇر.
ئامېرىكا يېقىندا تۈنجى قېتىم مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تېررورىست تەشكىلاتلار قاتارىغا قىزىملىغانلىقىدىن ئىبارەت خىلمۇخىل ئالامەتلەر كۆرسەتتىكى، پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بۇ خىل مەسىلىلەرنى

بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇرى دەل ئاستا – ئاستا باش كۆتۈرۈشكە، ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

**ۋاشىنگىتون**

2002 – يىلى 10 – ئاينىڭ 8 – كۈنى

10 – ئاينىڭ 7 – كۈنى «ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن، ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى بوش ئەپەندىگە خەت يېزىپ: پرېزىدېنت بوش ئەپەندى جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىنىچلىق بىلەن سىياسى مەھبۇسلىرىنى ۋە بەنچەن لامانى، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستانلىق باي سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش توغرىسىدا مۇراجىئەت ئېلان قىلدى.

«ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋە فالۇن گۇمپىسى قاتارلىق دىنى تەشكىلاتلار دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارشى نارازىلىق بىلدۈردى.

رابىيە قادىر بىلەن سىدىقھاجى روزىنىڭ ئامېرىكىدىكى بالا – چاقىسى تېكساس شىتاتىنىڭ خۇستون شەھرىدە «ئومۇمى كېچىرىم» كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى تەشكىللىگەن نامايىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغان بولدى.

«ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ۋاشىنگىتون شۆبىسى ئاسيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى ئەپەندى: «ئومۇمى كېچىرىم» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە خەت يېزىپ: پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ جياڭ زېمىن

بلەن سۆھبەتلەشكەندە، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى پائالىيەتچى كىشىلەرگە سىياسى زىيانكەشلىك قىلىشنى، تور بەتلىرىنى قامال قىلىشنى، 200 دىن ئارتۇق تيەنئەنمىن سىياسى مەھبۇسلىرى، شۈي ۋېن لى، بەنچەن لامانى ۋە رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى .

ئۆگۈنلۈككە دۆلەت مەجلىسى بىناسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نامايىشنى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى «ئەركىنلىك ئائىلىسى» قاتارلىق تەشكىلاتلار تەشكىللەيدىغان بولدى. مەملىكەتلىك ئامېرىكا ئاياللىرى تەشكىلاتى تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا قارشى نامايىشقا قاتنىشىدىغان بولدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى تام لەنتۇس، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى جېرمېن، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى كىشىلىك ھوقۇق گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى دوز لەدېر قاتارلىق رەھبەرلەر نامايىش كۈنى نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولدى.

**يېقىندا**

2002 – يىلى 10 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

يېقىندا نەشىردىن چىقىدىغان، شياڭگاڭدا نەشر قىلىنىدىغان «مۇنازىرە» ژۇرنىلىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن يېقىندا: كوممۇنىست پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولۇش كرىزىسىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەگەر كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى گۇمران بولىدىكەن، جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

جياڭ زېمىن 9 – ئاينىڭ 3 – كۈنى مەركەز ۋە دۆلەت مەھكىمىسى كادىرلىرنىڭ تەشكىلى خىزمىتى توغرىسىدا 200 دىن ئارتۇق كادىرغا

«پارتىيە كادىرلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى بۇرۇچ تۇيغۇسى ۋە كرىزىس تۇيغۇسى» ماۋزۇسى ئاستىدا دەرس ئۆتكەندە، ئاساسلىق نۇقتىلار بويىچە جۇڭگودا كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.
جياڭ زېمىن: كوممۇنىست كادىرلار ۋە رەھبەرلىك ئورنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كاللىسىدا ئىستىقبالنىڭ غۇۋالىقى تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئېتىقاد يىمىرىلدى، «كوممۇنىستىك ئىرادە» تۈگەشتى. ئىدىيە قاتماللىشىپ كەتكەن ھالەت يېتىپ كەلدى. بەلكى بۇ ھالەتلەر داۋاملاشتى، يامانلاشتى. بۇ ھالەتلەرنى ئەگەر تەشكىلى، ئىدىيە جەھەتتىن ھەل قىلالمايدىكەنمىز، جۇڭگودا مەلۇم بىر ئەتىگىنى ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقى تامامەن ئېنىق، دەپ كۆرسەتتى .
جياڭ زېمىن: جۇڭگودا كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەن كۈنى ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدۇ، بۇ تارىخى مەسئۇلىيەتنى كوممۇنىستلار ئۈستىگە ئېلىش لازىم، دېدى.
ئۇ ئىچكى ئۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتتى:
كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتى، رەھبىرى كادىرلار ئۆزگىرىپ كەتتى. 2 – كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا زور ئىشلار بويىچە ئىختىلاپ پەيدا بولدى، ئۆتكۈرلەشتى، ئاشكارىلاندى، ئىچكى ئېلىشىش ئارقىلىق يىمىرىلىشكە يۈزلەندى، دېدى.
جياڭ زېمىن: رەھبىرى كادىرلار ئىچىدە بەش خىل خەتەرلىك كادىرلار مەۋجۇت. جۈملىدىن ئۇلار دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ ماركسىنى ئېسىۋېلىپ، رەھبەرلىك ئورنىدا ئولتۇرۇپ، سوتسىيالىزىمنىڭ ھولىنى كولىدى. ئىدىيە ۋە تەشكىلى جەھەتتە رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، خونۇنلىرىنىڭ، بالا – چاقىلىرىنىڭ كەلگۈسىنى ئورۇنلاشتۇردى. زامان ئۆزگەرسىلا پىشىنى قېقىپ كەتمەكچى بولدى. ياش كادىرلار ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر

كوممۇنىست پارتىيىنىڭ غايىپ بولۇشىنى، زامان ئۆزگىرىشىنى، غەربنىڭ سىياسى تۈزۈمىنى بويىلاپ مېڭىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى، دېدى.
دۆلەت قۇرغان 52 يىلدىن بېرى، دېدى جياڭ زېمىن: ئۈچ قېتىملىق زور كرىزىس، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ساھەسىدە باش يول خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت ئىقتىسادنىڭ يىمىرىلىش كرىزىسىنى پەيدا قىلىپ، سىنىپى كۈرەش تۇتقا دېگەن خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنسان قەلبىنىڭ ئاينىپ كېتىش كرىزىسىنى باشتىن كەچۈردى. بۈگۈن كوممۇنىستلار ئۆزى چىرىكلەشتى. خەلقتىن ئايرىلىپ كەتتى، خەلققە يۈزسىزلىك قىلدى. كوممۇنىستلارنىڭ جۇڭگودا ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەۋرىنىپ قالدى، گۇمران بولۇشقا يۈزلەندى، دەپ كۆرسەتتى .

**قىرغىزستان**

2002 – يىلى 10 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

جۇڭگو بىلەن قىرغىزستان بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن تېررورىزىمغا قارشى ھەربىي مانېۋېرنىڭ ھەربىي ئەھمىيىتىدىن دىپلوماتىك ئەھمىيىتى زور ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەربىي مانېۋېرغا بىرنەچچە يۈز ئەسكەر، بىرنەچچە تىك ئۇچار ئايروپىلان، بىرقانچە تانكا قاتناشتۇرۇلدى. يەنە كېلىپ مانېۋېر چېگرا مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭلا ھەربىي مانېۋېرى بولۇپ قالدى.
بېيجىڭغا نىسبەتەن نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى ئەڭ زور دۈشمىنىدىن ئېيتقاندا ئامېرىكا ئىدى. جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە، كورىيە، شەرقىي – جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى مەلۇم نىسبەتتە ئامېرىكا بىلەن سىياسى، ھەربىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. جەنۇبىي ئاسىيادىكى پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىش دەۋرىگە كىردى. ھەتتا تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، بېيجىڭ دائىرىلىرىنى ئامېرىكا يېڭىچە شەكىلدە

قورشاش ۋەزىيىتىنى ياراتتى. ئامېرىكىنىڭ يېڭى قورشاش سىياسىتىگە ھوشيارلىقنى ساقلاپ تۇرغان جۇڭگو، ئاللىبۇرۇن تاقابىل تۇرۇش يولىدا ئىزلەنگەن، ئامېرىكىنىڭ قورشاش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو، ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا دىپلوماتىيە قورغىنى ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ «شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىقى» تەشكىلاتىنىمۇ قۇرۇپ چىققان. بۇ تەشكىلات ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا جۇڭگو، ئامېرىكىنىڭ قورشاش سىياسىتىنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتەلەيتتى. چۈنكى، بۇ بەش دۆلەتنىڭ ئىچىدە روسىيىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىقى مەخسەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە چېگرالىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتى قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن، ياق! ئەڭ مۇھىمى روسىيە بىلەنلا ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالىسا، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان دۆلىتى قۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان مۇستەقىلچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەشكە روسىيە ياردەم بېرەتتى. (ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا) لېكىن «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئامېرىكا، تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، ئافغانىستانغا ئوڭۇشلۇق كىرىپ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوڭۇشلۇق كىرىپ كەلدى. جۇڭگونىڭ، شۇ دەقىقىلەردە ئامېرىكىنىڭ قورشاش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش چۈشى بەربات بولدى. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا دالاندىن ئۆتۈپ سارايغا كىرىشى، جۇڭگونى بىر قولىدا سۆڭگەكچىنى بىر قولىدا ئاغزىنى تۇتۇپ قېلىشىغا مەجبۇرلىدى. شۇڭا خىتايچە تەپەككۇرغا ئاساسلانغاندا بۇ قېتىمقى مانىۋېر، ئوتتۇرا

ئاسيا دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشنىڭ بىر قەدىمى ئىدى.
ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان بىر پارچە دوكلادتا: «ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مانېۋىرى ئامېرىكا ئارمىيىسىنى نىشان قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ مانېۋىرى دېڭىزدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇشتا يېڭىش چىقىشىنى كۆزلەيدۇ» دېيىلگەن. بۇ جۈملە ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**تىبەت**

2002 –يىلى 10 –ئاينىڭ 18 – كۈنى

«ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى» تىبەت كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ھارپىسىدا، بېيجىڭ دائىرلىرى، تىبەت مۇستەقىللىقى ھەرىكىتىگە قاتناشقان، مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن ئاۋاڭ ساڭ جۈنى توققۇز يىل بۇرۇن تۈرمىدىن قويۇپ بەردى. بۇ يىل 1 – ئايدىن باشلاپ، بېيجىڭ دائىرلىرى مۇشۇنىڭ بىلەن تىبەتلىك سىياسى مەھبۇسلارنى يەتتىنچى قېتىم يەتتە نەپەر سىياسى مەھبۇسنى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى .
سانفىرانسىسكو كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى «دىئالوگ فوندى جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى جون كام ئەپەندى: ئاۋاڭ ساڭجۇ 25 ياشلار ئەتراپىدا، تىبەتلىك ئايال رايىپ ئىدى. 1990 – يىلى تىبەت مۇستەقىللىقى نامايىشقا قاتناشقاندا قولغا ئېلىنغىنا. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەكسىل ئىنقىلابقا قۇتراتتى. جىنايىتىنى ئارتىپ 21 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلىپ، لىخاسا تۈرمىسىگە قاماپ قويغان. بىر يىل بۇرۇن تۈرمە دائىرلىرى، بۇ ئايال رايىپنىڭ تۈرمىدىكى ئىپادىسى ياخشى دەپ، قاماق جازاسىنى 18 ئاي قىسقارتقانلىقىنى جاكارلىغان. 17 – كۈنى

جۇڭگو دائىرىلىرى ئاۋاڭ ساڭ جۇنى توققۇز يىل بۇرۇن تۈرمىدىن قويۇپ بەردى .

ئەپەندى: ئايال رايىپ ئاۋاڭ ساڭ جۇ ئەكسىل ئىنقىلابى جىنايەت بىلەن ئەڭ ئۇزۇن قاماق جازاسى بېرىلگەن رايىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بۇ ئايال رايىپ ئاخىر تۈرمىدىن ئازاد بولدى. مەن، دېدى جون كام ئەپەندى: پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىگە، فىرانسىيىنىڭ پرېزىدېنتى شىراك ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن دەپ، كۆرسەتتى .

جون كام ئەپەندى، ئۆتكەن ھەپتە بېيجىڭدە: جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ھارپىسىدا، بېيجىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاش سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئۇسۇلى بويىچە ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىماقچى بولدى، دەپ كۆرسەتتى .

«تىبەت ئۇچۇر مەركىزى»نىڭ رەئىسى: ئۆتكەن ۋاقىتلاردا ئامېرىكا، ئاۋاڭ ساجۇنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنى ئىزچىل تەلەپ قىلدى. جۇڭگو تەرەپ بولسا، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، دەپ كۆرسەتتى .

جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ھارپىسىدا، پرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاساسى نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇش شەكلىدە، بەش نەپەر سىياسى مەھبۇسنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا جۇڭگو بىلەن سۆھبەتتە بولدى.

بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇ «گۆرۈگە ئېلىش، قويۇپ بېرىش دىپلوماتىيىسى»بولدى، دەپ كۆرسەتتى .

«ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئوسى 18 – كۈنى: كىشىلىك ھوقۇق، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زور ئىنقىلاب پەيدا قىلىدىغان مەسىلە، سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئىدى، دەپ كۆرسەتتى .

ئۆتكەن يىلى 10 – ئايدا ئامېرىكا دىپلوماتلىرى جۇڭگو تەرەپكە 74 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرغان. بېيجىڭ بۇنىڭ ئىچىدە 68 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بەردى. ھازىرغىچە 30 نەپەر سىياسىي مەھبۇس تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى ياكى جازا مۇددىتى قىسقارتىلدى.
ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، بېيجىڭدە بىر قېتىملىق ئاشكارە يىغىندا: بەش نەپەر سىياسىي مەھبۇس ـــ جۇڭخەۋ دېموكراتىلار پارتىيىسىنى قۇرغۇچى شۈي ۋىنلى، سابىق خىتاي سىياسىي كېڭەشىنىڭ ئەزاسى باي، ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنىڭ ۋە تىبەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قاتناشقۇچى ئايال راھىپ ئاۋاڭ ساڭ جۇنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال راھىپ ئاۋاڭ ساڭ جۇ 18 – كۈنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلدى.
ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ يىل 2 – ئايدا پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپكە سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقى بەش نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ ئىسمىدىن باشقا لىۇ ياپىڭ ۋە ئامېرىكىلىق سودىگەر فاڭ خومىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىمۇ بار ئىدى.

ئامېرىكا
2002 – يىلى 10 – ئاينىڭ 23 – كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى ئەشكۇرەپ ئەپەندى 22 – كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ، بۇ قېتىمقى زىيارىتىدە ئەشكۇرەپ ئەپەندى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى بېيجىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ رەسمىي ئىشقا چۈشكەنلىكىنى، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك

ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشتا ھەمكارلىق مەسىلىسىنى سۆھبەتلىشىدۇ.
ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئايال باياناتچىسى: ئەشكۇرەپ ئەپەندى بېيجىڭدە تېررورىزىمغا قارشى ھەمكارلىق مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن باشقا، ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان قانۇن مەسىلىسى بويىچە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

**سەنەتور ۋېلستون**

2002 – يىلى 10 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

ئىككىنچى قېتىم سەنەتور بولۇپ سايلىنىشقا نامزات بولغان، سايلامدا يېڭىپ چىقىشنى كۆزلىگەن، ئامېرىكا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى منوستا شتاتىنىڭ سەنەتورى پائول ۋېلستون ئەپەندى 25 – كۈنى كىچىك تىپلىق ئايروپىلاندىن چاتاق چىقىپ، ۋىرخىيا شتاتىنىڭ ئورمانلىقىغا چۈشۈپ كېتىپ 58 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئايروپىلانغا بىللە ئولتۇرغان ئايالى، ئىككى نەپەر قىزى ھەم شۇ كۈنى بۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ ۋاپات بولدى. پۈتۈن ئامېرىكا ھەسرەتكە چۆكتى. بولۇپمۇ دادام، ئانام ۋاپات بولغاندا مەن سىدىقھاجى روزىنىڭ ھەسرىتى شۇنداق پەلەككە يەتكەن، بۈگۈن سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندىنىڭ ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇنداق ھەسرەتكە بەلكى ئۇنىڭدىن زىيادە ھەسرەتكە چۆكتۇم.
ۋېلستون دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ لىبرالىزىملىق روھىغا باي ئەزاسى ئىدى. بۇ قېتىمقى سايلامدا يەنە بىر قېتىم كېڭەش پالاتاسىغا ئەزا بولۇپ سايلىنىشنى بەلكى ئۈچىنچى قېتىم ۋەزىپە ئۆتەشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. سايلىنىش بۇرۇن،

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىغا ئەزا بولۇپ سايلىنىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئەپەندى بىلەن سايلام رىقابىتىگە چۈشكەن. بىلەت تاشلاشقا 11 كۈن قالغاندا بۇ دەھشەتلىك ۋەقە يۈز بەردى.

ۋىلستون كېڭەش پالاتاسىغا ئەزا بولۇپ سايلىنىدىغانلا بولسا، كېڭەش پالاتاسىدا پەقەت بىر ئورۇن بىلەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسىدا تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە تەسىرى زور بولاتتى. بۇ بەختسىزلىك دېموكراتلار پارتىيىسىنى ئالدىرىتىپ قويدى. يەتتە كۈن ئىچىدە ئۆزىنىڭ نامزاتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سايلام نامزاتى بىلەن رىقابەتكە چۈشۈشكە توغرا كەلدى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا ئايروپىلاندىن چاتاق چىققاندا، قار – يامغۇر ئارىلاش شۇرغان چىقىپ تۇراتتى. ھاۋادا پەرق ئېتىشنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كەتكەن. سەۋەب ھازىر تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ، دېيىلدى.

پرېزىدېنت بوش تېكساس شتاتىدىكى قورۇقىدا: سەنەتور ۋىلستون بۇرۇچ تۇيغۇسىغا ئىگە، توغرا سۆز ئادەم ئىدى. توغرىدىن – توغرا سۆزلەۋېرەتتى. ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋە دۆلەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان، ۋىلستون ۋە ئۇنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىدىن، بىر ئايروپىلاندا بىللە قازا قىلغان يەنە باشقا كىشىلەرنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن دەپ، كۆرسەتتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كاتىپى ئەننان ئەپەندى خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئەننان ئەپەندى: ۋىلستون پرىنسىپلىق، ۋىجدانلىق، تۈپتوغرا ئادەم ئىدى، دەپ كۆرسەتتى .

ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى ۋە ئاقسارايي بايراقنى يېرىم چۈشۈردى .

پرېزىدېنت بوش ئەپەندى سەنەتور ۋىلستوننىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا تەزىيە نۇتقى سۆزلىگەندە يېنىدا جىاڭ زېمىن ھجىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ

ھجىيشى ماڭا گويا جياڭ زېمىن، ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەندىن قۇتۇلدۇم، دېگەندەك بىلىندى. نېمىشقا؟
2000 – يىلى 7 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ۋە 7 – ئاينىڭ 28 – كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى دۆلەت مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا قانۇن لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۆۋەتتىكى كەلگەندە ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئومۇمى يىغىندا بۇ قانۇن لايىھسىنى ماقۇللاتقان كىشى دەل سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندى ئىدى.
2001 – يىلى 5 – ئاينىڭ 9 – كۈنى مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، بىللە رەسىمگە چۈشۈپ: مەن رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دېلوسىنى داۋاملىق ئىشلەيمەن، دېگەن كىشى دەل سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندى ئىدى.
سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئامېرىكىدا، دۆلەت مەجلىسىدە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگەن... مەن ھەسرەتلەندىم، كىم ھەسرەتلەنمىسۇن؟ مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن، بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللاكودىن يار كەتتى .
ئۇيغۇرلار... رابىيە قادىر... كىشىلىك ھوقۇق... سىياسى ھوقۇق شۇ كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان كۈنلەرگە ئېرىشكەندە، سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ جياڭ زېمىن خۇشال بولماي كىم خۇشال بولسۇن، تەقدىر شۇنداقمدۇ! ئەپەندى روسىيىلىك جويىش بولۇپ، ئاتا – ئانىسى بىلەن بىللە كۆچۈپ كېلىپ، ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشى ئىدى.

**جۇڭگو**

2002 – يىلى 10 – ئاينىڭ 31 – كۈنى

جۇڭگونىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايونى ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنى، دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ غەيرى رەسمى ئۇچرىشىشىغا قاتناشقاندىن كېيىن، بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى. مەتبۇئاتلار ئارقا – ئارقىدىن ماقالىلەر ئېلان قىلىپ: جياڭ زېمىن نېمىگە ئېرىشتى، نېمىدىن مەھرۇم قالدى، جياڭ زېمىن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزەمدۇ، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەرتىلىدىغان دەۋرگە كىردىمۇ؟ باھا بېرىشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىم جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئالدى – كەينىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرتىپلەر، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇرىدا زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭ تەسىرى پىرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىننىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبىتىنىڭ، دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى سىياسەت ۋە دىپلوماتىيىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا بېرىپ قاتالدى.

ئەسلىدە جۇڭگو، ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە مۇقام بەلگىلىگەندە ئىدىئولوگىيىلىك قارىمۇقارشىلىق، گېئوپولىتىكىلىق ئېلىشىش، سودا تىجارەتتە ئۆزئارا مەنپەئەتدار بولۇش ۋە دۇنيادا جۇڭگونىڭ قانداق رول ئېلىشى، توقۇنۇش ئامىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قاراتقان سىياستى، ماۋ زېدۇڭنىڭ «3 – دۇنيا نەزەرىيىسى» دېگەن پاكارنىڭ «جىم يېتىپ ئۆزىنى سەمرىتىش» ھېلىسىدىن ئىبارەت فراگماتىزىملىق مەخسەتلەر ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگوچە سىياسەت بەلگىلەش، جۇڭگودا قاتتىق قوللار ۋە مۆتىدىللەر ئوتتۇرىسىدا كۈرەشنىڭ، تارىختىن بېرى «غەربلىكلەر بىزنى بوزەك قىلدى» دەيدىغان ئەنئەنىۋى مىللەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ

تەسرىگىمۇ ئۇچرىغان ئىدى. جۇڭگودا جياڭ زېمىن مۆتىدىل ئامېرىكا پەرەست دەپ قارىلاتتى .
«ئامېرىكا مەركەزچىلىك» ئىدىيىلىرىنى ياقىلايدىغان غەرب ئوبزورچىلىرى: پرېزىدېنت بوش مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ داھىسى جياڭ زېمىننى شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي ئاقسارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپ قارشى ئالدىكى چۈنكى، جياڭ زېمىن 13 يىلدىن بېرى ئامېرىكا پەرەستلىك يولىنى بويلاپ تۆھپە ياراتتى. تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلەشكەندە، جياڭ زېمىن جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاتتىق قوللارنىڭ قارشىلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، تۆۋەن مۇقامدا ئامېرىكا بىلەن سىياسى مۇرەسسەلىششىنى قولغا كەلتۈردى، دېيىشتى. ئوبزورچىلار بۇنىڭدىن باشقا يەنە: پرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبىتىگە ياخشى كەيپىيات يارتىش ئۈچۈن بېيجىڭ تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى «بىر تەرەپ بىر دۆلەت» دېگەندە، تۆۋەن مۇقامدا بوش سادا قايتۇرغاندىن باشقا يادرو قوراللىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى چەكلەش جەھەتتە ۋە فىدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بېيجىڭدە ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇشىغا يول قويۇپ ۋاشىنگتونغا ماسلاشتى. قىسقىسى بېيجىڭ دىپلوماتىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتە پىشىپ يېتىلدى دېيىشتى .
لېكىن ئەمەلىيەتتە جياڭ زېمىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىپ بېيجىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بېيجىڭنىڭ ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئۆزگىرىشى دىپلوماتىيە جەھەتتە ئۆزگەرگەنلىكى، پىشىپ يېتىلگەنلىكى بولماستىن بەلكى، دۆلەتنىڭ ئومۇمى ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىيات جەھەتتە ئۆزگەرگەنلىكىنى، بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ جياڭ زېمىننىڭ پىكرى بولماستىن بەلكى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشى، تۆتىنچى ئەۋلاد خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بېيجىڭ يەر شارىلىششىش تەرەققىياتىنىڭ نىشانىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ئىكەن. ئۇنداقتا ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك سىياستىنىڭ خىرىسلىرىغا دۇچ كېلىدۇ. ئىچكى – تاشقى سىياسەتتە بولسۇن جۇڭگو،

ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك سىياسىتىنىڭ ئارىلىششىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى دۇنياۋى دۆلەتكە ئايلىنىشىدىن دېرەك بەرسىمۇ، يەنىلا ئامېرىكىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشكە چارىسىزدۇر. يۇقىرىقىلار جۇڭگودا ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئاستىدا جۇڭگو سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربىي ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە بولسۇن چىشنى – چىشلەپ بولسىمۇ، ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەيدۇ، خىتاي مىللەتچىلىرى: ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئايرىلماسلىقنى، سوبيېكتىپ ئاڭدىن ئايرىلماسلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ (ئۇيغۇرىستان بىلەن تىبەتنى قەيەرگە قويىسلەر) جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىكنى تېپىپ چىقىش كېرەك. (خىيال)

ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت بىردەك بولۇشنىڭ يوللىرىنى تېپىپ چىققىلى بولارمۇ؟ ھازىرقى ۋەزىيەت، 40 – يىللاردا ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش دەۋرىدە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مەنپەئىتىنى بىردەكلىككە يېتەكلىگەن ۋەزىيەتتەك ۋەزىيەت ئەمەسقۇ؟ لېكىن جۇڭگو ئۈچۈن بىر يول ئوچۇق تۇرۇپتۇ، جۇڭگو، ئامېرىكا – جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى سەھنىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى – تاشقى سىياسى قىينىچىلىقنى يېنىكلىتىش كېرەك. خەلقئارا رېلىسقا چىقىشتىن پايدىلىنىپ چوڭ دۆلەت ئېڭىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك، ئوخشاشلا مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىغا تايىنىپ، ئامېرىكىنىڭ دۈشمەنلىكىنى تۈگىتىپ، ئامېرىكىنىڭ، جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ھۇشيار بولۇشنى، جۇڭگونى قورشاش سىياسىتىنى ئاز تولا يۇمشىتىشى لازىم، دېيىشتى. جۇڭگو شۇنداق قىلىش جەريانىدا ئامېرىكىغا يەنە قانداق بەدەل تۆلىشى كېرەك...؟ جۇڭگونى ئازابلاۋاتقان مەسىلە قانداقتۇر تەيۋەن مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى، جۇڭگونى ئازابلاۋاتقان مەسىلە

تىبەت مەسىلىسى ئاندىن ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىدۇر. جۇڭگوغا بەزى مەسىلىلەردە يول قويغان ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلمايدىغان ئامېرىكىمۇ؟

جۇڭگودا ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتتە ئاز – تولا ئۆزگىرىش ھاسىل بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو، تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دېمەيدىغان، تەيۋەن بوغىزى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئامېرىكىنىڭ تەيۋەندىكى مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان بولدى. ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتا جۇڭگو ئەمدى ئىچكى ئىشىمىز دېمەيدىغان، ھېچبولمىغاندا، ئامېرىكىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى سىياسىتىگە بىرلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. بۇنداق بىر تەرەپ قىلىش ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرىستان سىياسىتىگە ئوخشاشماي قالىدىغۇ؟ ئامېرىكا، ئۇيغۇر سىياسىتىنى تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى بىلەن بىرلەشتۈرمىگەن ئىدىغۇ؟ جۇڭگو تىبەت مەسىلىسى بويىچە سۆھبەتلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ تىبەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى بولدى. ئىقتىسادى جەھەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئېچىۋېتىلگەن بازار، ئېچىۋېتىلگەن پۇل مۇئامىلە تەپەككۇرىغا ماسلاشتى. جۇڭگو نۆۋەتتە، ئامېرىكا جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە ماقۇل بولۇپ ئامېرىكىنىڭ ئاشكارە كۈرەش، يوشۇرۇن قورشاشلىرىدىن ئۇخلىيالمايدىغان كېسەلدىن خالىي بولدى. تەيۋەننى ھاقارەتلىمەيدىغان، ئامېرىكىغا قارشى دۆلەتلەر ئىتتىپاقى تەشكىللىمەيدىغان بولدى. روسىيىنىڭ ئاقماق قىلىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەيدىغان بولدى. جۇڭگو بۈگۈن شۇنداق جۇڭگو بولۇپ قالدى. ئەتىچۇ؟

**ۋاڭ شسەي**

2002 – يلى 11 – ئاينڭ 13 – كۈنى

مۇستەملىكچى ختاي سياسى بروسننڭ ئەزالرى خزمەتننڭ خاراكتېرى بويىچە ئۈچ تەركىبكە – مەركزى كومتېتقا مۇناسۋەتلك ئەزالار، يەرلككە مۇناسۋەتلك ئەزالار، ھەربىي سەپتىن كەلگۈچى ئەزالاردىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبكە بۆلنەتتى. يەرلككە مۇناسۋەتلك سياسى برونڭ ئەزالرى بېيجىڭ، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر، ئىقتسادى ئۈنۈمى يۇقرى ئۆلكىلەردىن سايلىناتتى.

16 – قۇرۇلتايدا سياسى برونڭ يېڭى ئەزالرىنى سايلاشتا يۇقرىقى ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلدى. «شنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ جاللاتى سەندۇڭلۇق ختاي تېجىمەل، كۆچمەن ۋاڭ شسەي سياسى بروغا ئەزا بولۇپ كىردى.

58 ياشقا كىرگەن ۋاڭ شسەينڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇش تارىخى يوق. پارتيە مەكتپىدە بلىم ئاشۇرغانلىق خاتىرىسلا بار ئىدى. ئۇنڭ مەركەزدە قوللىغۇچىلرى، ھەتتا ۋاڭ شسەي ئارقا ئىشك بىلەن يول مېڭىپمۇ قولغا كەلتۈرگەن قوللىغۇچىلرى يوق ئىدى. شۇنداق بىر كىشى قانداق قىلىپ سياسى بروغا ئەزا بولۇپ سايلىنىپ قالدى؟

نۆۋەتتە خەلقئارادا ئۇيغۇرستان «شنجاڭ»نڭ مۇھم ئورنى گەۋدىلىنشكە باشلىدى. ختاي مىللەتچىلرى ئۇيغۇرستاننڭ سياسى ئورنىنىڭ گەۋدىلىنىشدىن ئەنسىرەپ، بۇ ئۆلكىدە مسلى كۆرۈلمگەن مىللى، دىنى، سياسى، ئىقتسادى بېسم پەيدا قىلدى. ئۇيغۇرستان مۇستەقىللقىنى تەرغىپ قىلغۇچى مىللى بۆلگۈنچىلەرنڭ بېيجىڭغا يەتكۈزگەن بېسمى ئىنتايىن ئېغىرلاشتى، دېيىشتى .

كۆچمەن ختاي ۋاڭ شسەي (ۋاڭ لې چۈەن) پارتكومىنڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلقدىن برىنچى سېكرېتارلىققا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالدىنى ئېلىش، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى ئاكتىپ يولغا

قويدى. «شىنجاڭ»دا مىللى مەسىلە ئۇزۇل – كېسىل ھەل بولمىدى. ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەل قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «تېررورىستلىق» ھەرىكەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئىككى قولى ئۇيغۇرنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ۋاڭ شى سەي، ختاينىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە ياخشى كۆرۈنۈپ قالدى. بېيجىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا، سىياسى كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋاڭ شى سەيگە يۇقرى ئورۇن بەردى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرىستانغا مىللى ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە كۆرسەتمەكچى بولدى.
ئۇنىڭدىن باشقا پىشىپ – يېتىلىپ كېلىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئالدىدا، ئالدىراپ- تېنەپ ئۇيغۇرىستانغا ختاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىشنى پىلانلىغان ختاي ھۆكۈمىتى غەربنى ئېچىش سىياستىنى كۆتۈرۈپ چىقتى .
ختاينىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئۇيغۇرىستاندىن ئېيتقاندا «شىنجاڭ»نى بۇرۇنراق غەربنى ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش – ختايچە غەربنى ئېچىش ئارقىلىق «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ»، مىللى، دىنى مەسىلىلەرنى ئىقتىسادى ئالدامچىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، دەيدىغان ختايچە خىيالپەرەستلىك ئەۋزەللىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ مىللى زىددىيەتلەرنى يۇمشاتماقچى بولدى. «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاننى ئېچىشنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم، ئەھمىيەتلىك رولى بار، دەيدىغان مۇددىئاسىنى ھەم ئاشكارىلاشنى چەتكە قاقمىدى. ئۆتكەن يىلى باشلانغان زور قۇرۇلۇش – غەربنىڭ گازىنى شەرىققە يۆتكەش، ئۇيغۇرلار ياقىدىغان قارا چىراغقا ماي يوق، ئوچاققا قالايدىغان ئوتۇن يوق، يوق بولسا بولىۋەرسۇن تەبىئى گازنى شاڭخەي ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىپ دوللار تاپماقچى بولدى. خىلمۇخىل مەدەنلەرگە، نېفت، تەبىئى گازغا باي ئۇيغۇرىستاننىڭ خەلقئارا ئورنى يۇقرى كۆتۈرۈلدى. مۇناسىپ

هالدا خەلقئارا سياسى ئورنى هەم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نۆۋەتتە يۇز بەرگەن يەر شارى خاراكتېرلىك نېفت كرىزىسى، ئىنتايىن زور نېفت، تەبىئى گاز بايلىقىنى يوشۇرۇپ ياتقان، ئۇنىڭدىن باشقا كەلگۈسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفت، تەبىئى گاز بايلىقى مۇشۇ يول بىلەن شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارىدىغان ئۇيغۇرىستاننىڭ جۇڭگو ئۇچۇن ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى ۋە خەلقئارا ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى .

ئالدىرىغان، تەمتىرىگەن، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئالدىدا تېنىگەن، خىتاينىڭ مەركىزى كومىتېتى، بىر ساۋاتسىز كەلگىندى ۋاڭ شى سەينى سياسى بىروغا ئېلىپ كىردى.

بۈگۈن ۋاڭ شى سەي سياسى بىروغا ئەزا بولۇپ كىردى. ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش بېسىمى ئارقىلىق ۋاڭ شى سەينىڭ سياسى بىروغا ئەزا بولۇپ كىرىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. سىدىقھاجى روزى، رابىيە قادىر ئائىلىسى بەدەل تۆلىگەندەك ۋاقتانى – ۋاخ كەلگەندە ۋاڭ شى سەينىڭمۇ شۇنداق بەدەل تۆلىشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز.

**ۋاشىنگتۇن**

2002 – يىلى 11 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەيۋەن كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى شاپپورت ئەپەندى، 14 – كۈنى مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر جۇڭگو سياسىتىنى بىكار قىلىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خاتىرىسىگە كىرگۈزدى.

شاپپورت ئەپەندى: «شائخەي ئاخباراتى» ئىمزالانغاندىن كېيىن تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياشايدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ «بىر جۇڭگو، تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دەيدىغان تەشەببۇسىنى ئامېرىكا بىلىپ كەلدى. بۇ «بىر جۇڭگو سياسىتى» تەيۋەننىڭ قۇدرەتلىك، دېموكراتىك

تۇزۇم ياراتقان رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

شاپپورت ئەپەندى: يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسىدا كۆپ سانلىقلارنىڭ مۇدىرى بولۇپ تۇرغان دېلېر ئەپەندى ئۆتكەن يىلى ئاشكارە نۇتۇق سۆزلىگەندە: رېئال بولمىغان پاكىتلاردىن ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان سىياسەتلەردىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك، دېگەن سۆزنى نەقىل كەلتۈردى.

شاپپورت ئەپەندى: رېئاللىق تارىختىن 25 يىل ئاۋۋالقى بىر جۇڭگو سىياسىتىگە ئالاقىدار دىپلوماتىك قىياسىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ھازىر ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەت مەۋجۇت ئۇنىڭ بىرى ئەركىن، دېموكراتىك، تىنچلىقسۆيەر – تەيۋەن، ئۇنىڭ يەنە بىرى جۇڭخۇا خەلق رىسپوبلىكىسى دەپ، كۆرسەتتى .

شاپپورت ئەپەندى: جۇڭخۇا خەلق رىسپوبلىكىسى 1949 – يىلى قۇرۇلدى. ھازىرغىچە تەيۋەنگە ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سابىق پرېزىدېنت لى دېڭخۇي 1999 – يىلى جۇڭگو، تەيۋەن مۇناسىۋىتى «ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى» دەپ، كۆرسەتكەن. ئامېرىكا سىياسى نىشاننى تەرتىپكە سېلىپ، «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى»غا بىنائەن، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى لازىم. «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى» ئامېرىكا بىلەن تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ نېگىزى بولۇپ قېلىشى، كونراپ كەتكەن بىر جۇڭگو سىياسىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى .

**ۋاشىنگتون**

2002 – يىلى 11 – ئاينىڭ 26 – كۈنى

ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى 25 – كۈنى: گەرچە ۋاشىنگتون بىلەن بېيجىڭنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىندىن بېرى ياخشىلىنىشقا

قاراپ يۈزلەنگەن بولسمۇ، لېكىن مەن يەنىلا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيمەن، دەپ كۆرسەتتى .
باش ئەلچى: كېلەر ئاينىڭ 16 – كۈنى ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو بېيجىڭدە ئۆتكۈزىدىغان سۆھبەتتە بىر نەتىجە بولۇشى كېرەك، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەيۋەننىڭ بىر تەرەپلىمە مۇستەقىللىق جاكارلىشىنى قوللىمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
باش ئەلچى، بېيجىڭدە ئامېرىكا سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە: ئەگەر جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، مەسئۇلىيەتچان ئەزاسى بولۇشنى خالايدىكەن، ئۇنداقتا جۇڭگو، خەلقئارا بەزى نىزامنامىلارغا ئەمەل قىلىشى لازىم دەپ، كۆرسەتتى .
باش ئەلچى: ئامېرىكا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىرنەچچە نەپەر سىياسى مەھبۇسىنى ـــ جۈملىدىن «جۇڭگو دېموكراتلىرى» پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىققان، 13 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن شۈي ۋېن لىنى ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىدى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، مۇددەتلىك سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن، ئاتاقلىق ئۇيغۇر سودىگەر ئايال رابىيە قادىر قاتارلىقلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ، كۆرسەتتى .
باش ئەلچى: ۋاشىنگتون، تەيۋەن بوغىزىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئامېرىكا تەيۋەننىڭ بىر تەرەپلىمە مۇستەقىللىق جاكارلىشىنى قوللىمايدۇ، ئوخشاشلا تەيۋەن بوغىزىدىكى ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ ئېغۋاگەرچىلىك قىلىشىنى قارشى ئالمايدۇ، ئىختىلاپلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قوللايدۇ دەپ، كۆرسەتتى .
باش ئەلچى: بىر يىل ئىچىدە پرېزىدېنت بۇش بىلەن جياڭ زېمىن ئۈچ قېتىم كۆرۈشتى. بۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال ئەمەسمۇ دەپ، كۆرسەتتى .

**ئامېرىكا**

2002 – يىلى 12 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇققا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى، مۇشۇ ھەپتىنىڭ 3 – كۈنى ئۈرۈمچى – ئۇيغۇرىستاننى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن، شۇ يەرلىك كۆچمەن خىتايلارنىڭ ساقچى ئورۇنلىرى ئۇيغۇرىستانلىق باي، سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنىڭ ئوغۇل – قىز تۆت پەرزەنتىنى نەزەربەنت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى چەكلىدى.

شياڭگاڭ «ئالما گېزىتى»نىڭ «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»دىن ئۇچۇرغا ئېرىشىپ 20 – كۈنى تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئورۇنلىرى ھەپتىنىڭ 2 – كۈنى رابىيە قادىرنىڭ تۆت نەپەر پەرزەنتىنى ساقچى تۈرمىسىگە نەزەربەنت قىلىپ، كېيىن رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 6 – قەۋىتىگە ئېلىپ چىقىپ تاكى لورىن كېرەينېر ئەپەندى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەتكۈچە نەزەربەنت قىلدى.

لورىن كېرەينېر ئەپەندى، ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، تىنچلىق سۆيەر ئۇيغۇر خەلقىنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك، رابىيە قادىرغا ئوخشاش تىنچلىق سۆيەر زاتلار تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، دەپ سۆزلىگەنىدى .

رابىيە قادىر 1999 –يىلى 8 – ئاينىڭ 11- كۈنى قولغا ئېلىنىپ «چەت ئەلگە ئاخبارات يوللىدى» دېيىلگەن جىنايەت بىلەن سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن .

لورىن كېرەينېر ئەپەندى جۇڭگودىكى ۋە ئۈرۈمچىدىكى كىشىلىك ھوقۇق زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئامېرىكىغا قايتىپ كەلدى.

**لورېن كېرەينېر**

2002 –يىلى 12 – ئاينىڭ 22 – كۈنى

«فرانسىيە ئاگېنتلىقى»: ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندىنىڭ باياناتىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو دائىرىلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ تەرتىپلىرىدىن ئېيتقاندا خەلقئارا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكىنى ئېتراپ قىلدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇققا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كېرەينېر ئەپەندى، جۇڭگودا بەش كۈن داۋاملاشقان زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بېيجىڭنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆزەتكۈچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى، قاتتىق ئۇرۇپ قىيناش، زوراۋانلىق بىلەن قولغا ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشكە يول قويغانلىقىنى مەدىيەلىدى.

لورېن كېرەينېر ئەپەندى باياناتىدا: جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەدبىرلىرىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى دەپ، كۆرسەتتى .

لورېن كېرەينېر ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدە كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستانغا يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇرىستاندا دىنى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى .

باياناتىدا بېيجىڭ دائىرىلىرىگە مۇراجىئە ئېلان قىلىپ: ئۇيغۇر ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنى، خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ھەمدە پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزۈپ: ھەرقاندىقا دۆلەت تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى

ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلىۋالالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
رابىيە قادىر ئېرى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت چىقىرىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇددەتلىك سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
لورىن كىرەيىنىر ئەپەندى ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلىگەندە: ئامانلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىش بىر – بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىر – بىرىنى تولۇقلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، بېيجىڭ «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن تېرروررىزىمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللى بۆلگۈنچىلەر ۋە تىبەت بۆلگۈنچىلىرىنى باستۇردى، دەپ ئەيىپلىدى. بۇ يىل 9 – ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دەپتىرىگە ، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرسىنىڭ نامى يېزىلغاندا بېيجىڭ مەدھىيەلىگەن ئىدى.

**رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك**

2002 – يىلى 12 – ئاينىڭ 24 – كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كىرەيىنىر ئەپەندى. 18 – كۈندىن 19 – كۈنگىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولۇپ ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە: تىنچلىقپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقىنى ھۆرمەت قىلىشنى، تىنچلىقپەرۋەر رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى ئەسكەرتتى .
لورىن كىرەيىنىر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلەيدىغان نۇتقىنى نەخ مەيدان كۆرۈنۈشى بويىچە پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش ۋە كۆرسىتىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىككى

دۆلەت ئامېرىكا، جۇڭگو كېلىشكەن، نېمە ئىش بولدى. ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆزگىرىپ كەتتى. نەخ مەيدان كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلمىدى.
لورېن كىرەينېر ئەپەندى 19 – كۈنى ئۇرۇمچىدىن، مېنىڭ ئامېرىكا ئوكلوخوما شتاتى شانى شەھرىدىكى ئۆيۈمگە تېلېفون بېرىپ: مەن ساڭا دەرھاللا خۇش خەۋەر يەتكۈزەلمەيمەن، مەن رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇلار مېنىڭ تەلەپلىرىمنى رەت قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم... بۈگۈن ئۇيغۇرىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلەيمەن... رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدا سۆزلەيمەن... مەن يەنە كېلىمەن... رابىيە قادىرنىڭ دېلوسىنى داۋاملىق ئىشلەيمەن، دېدى.
كونا – يېڭى ئىشلار شۇ دەرىجىگە يەتكەندە، خىتاي چۆچۈپ كەتتى. كەينىدىنلا خىتاينىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن، بېيجىڭغا زىيارەتكە كەلگەن ئاتالمىش قازاقىستان دۆلىتىنىڭ پرېزىدېنتى نازارباييېۋ بىلەن دۆلەت ئىشلار سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ: ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ ئۇيغۇرىستانچىلار ۋە «ئۈچ خىل كۈچلەر»گە زەربە بېرىش كۈرشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىمىز، دەپ تەكىتلىدى.
جياڭ زېمىن قازاق دوستلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانچى تېررورىستلارغا زەربە بېرىش مەسىلىسىدە جۇڭگونىڭ مەيدانىنى چۈشەنگەنلىكىگە ۋە ئىزچىل قوللاپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. جياڭ زېمىن: جۇڭگو، قازاقىستان ھۆكۈمەتلىرى ئۇيغۇرىستانچى تېررورىستلارغا زەربە بېرىش بويىچە ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمگە قول قويغانلىقىنى، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەر «ئۈچ خىل كۈچلەر»گە زەربە بېرىش توغرىسىدا «شاڭخەي ئەھدىنامىسى»گە قول قويغاندىن كېيىنكى، جۇڭگو، قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ رايون بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداشتا قوللانغان يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى ھېسابلاندى. جۇڭگو، قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ كېلىشىم، پرىنسىپ،

بەلگىلىملەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرىستان تېررورىستلىرىغا ۋە ئۇچ خىل كۈچلەرگە زەربە بېرىش كۈرشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.
نازاربايېپ: ئىككى دۆلەتنىڭ تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىنى، خىزمەتلەرنى مۇقىملاشتۇردى.

**ئامېرىكا**

2002 – يىلى 12 – ئاينىڭ 27 - كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى: سۆھبەت ئۆمىكىمىز بىلەن جۇڭگو رەھبەرلىرى 12 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنى، كەيپىيات جەھەتتە ئوچۇق بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى دەپ، كۆرسەتتى .
لورىن كېرەينېر ئەپەندى: بېيجىڭ تۇنجى قېتىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دىنى زىيانكەشلىكنى، ئىختىيارى قولغا ئېلىش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورگان ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگودا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا دەرھال شەرتسىز قوشۇلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خورلاش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ئالاھىدە ئەمەلدارلىرىنى، جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى .
لورىن كېرەينېر ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدە يېڭى بىر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئېلان قىلغان باياناتى 26 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتى ئورنىدا يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىندى. كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى 16 – كۈنى باشلىنىپ تۆت كۈن داۋاملاشتى. ئامېرىكا تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى        ئەپەندى، ئامېرىكا خەلقئارا

ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر          دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەلچىسى بار ئىدى.
لورېن كېرەينېر ئەپەندى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ ۋە ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلغانلىقىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بۇ ئىش بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكىنى تونۇغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، - دەپ كۆرسەتتى .
لورېن كېرەينېر ئەپەندى: جۇڭگو دائىرلىرى خەلقئارا ئورگانلار تەكلىپ قىلغان ئىشلارنى قول سېلىپ ئىشلەيدىغانلا، ئىجرا قىلىدىغانلا بولسا، ئامېرىكا ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
بېيجىڭدە جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن باشقا لورېن كېرەينېر ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى قەدىمى ئۇيغۇرىستانىنىڭ قەدىمى پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، يەرلىك خاقان خىتاي كۆچمەنلىرىگە ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى بوش ئەپەندىنىڭ يەر شارىنىڭ بۈگۈن ئۇيغۇرىستاندا ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى يەتكۈزۈپ: تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بوزەك قىلالايدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق، دەپ كۆرسەتتى .
لورېن كېرەينېر ئەپەندى: ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك خاقان، خىتاي كۆچمەنلىرى ۋە خىتاي مۇستەملىكچى ئەمەلدارلارغا، پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ يولىيورۇقنى ئۇچۇر قىلىپ يەتكۈزگەندىن كېيىن، نەزەر بەنت قىلىنغان ئۇيغۇر باي ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.
لورېن كېرەينېر ئەپەندى بىلەن          ئەپەندى، ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلەپ: تېررورىزىمغا قارشى

تۇرۇش مەزگىلىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى – تاشقى جەھەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى ۋە نېگىزلىك ئەركىنلىكنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋە قەدىرلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى .
بېيجىڭدە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 24 – كۈنى بىر خىتاينى ـــ شۈي ۋېن لى دېگەن خىتاينى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى .
«قاپاق باش»، «ئەبگاھ» ئۇيغۇرلىرىم! ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ئىشلىرى بويىچە مەسئۇل دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورېن كرەينېر ئەپەندىنىڭ 12 – ئاينىڭ 18 – كۈنىدىن 19 – كۈنىگىچە، ئىككى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغانلىقى توغرىسىدا سىدنىقھاجى روزى يېزىپ قالدۇرغان جۈملىلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىدىقھاجى روزىنىڭ 12 – ئاينىڭ بېشىدا، نېمىشقا فېدېراتسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن تۇيۇقسىز بېيجىڭدە پەيدا بولۇپ قالدى؟ دېگەن سوئالنى تاشلاپ قويغانلىقىنى ئېسىڭلارغا ئالغايسىلەر.
شۇنداق، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى 12 – ئاينىڭ 2 ـ، 3 – كۈنلىرى تۇيۇقسىز بېيجىڭدە پەيدا بولۇپ قالدى؟ 16 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نېمىشقا ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لورېن كرەينېر ئەپەندى ئۈرۈمچىدە پەيدا بولدى...؟ بۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىچكى باغلىنىشى نېمە؟

**مەنگو**

2003 – يىلى 1 – ئاينىڭ 15 – كۈنى

«تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى» تىبەتنىڭ مەنۋى داھىسى دالاي لاما بىر قېتىملىق دىنى پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرغاندا مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەرگە: خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى ئاللىقاچان

ئۆزگەردى، بولۇپمۇ جۇڭگودا ھازىر ماجاڭ ئويناپ تۇرۇپ، پۈقرالار جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقاندا ۋەزىيەت، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنى رامكىسى ئاستىدا تىبەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق دەپ، كۆرسەتتى .

«ھىندىستان ئاگېنتلىقى»نىڭ گايا ئۆلكىسىدىن بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا دالاي لاما: ھازىرقى دۇنيا بىر نەچچە كوممۇنىست ھاكىمىيىتىلا قېلىپ قالدى. كوممۇنىزىمنىڭ دۇنياۋى تەسىرى تۈگەشتى. جۇڭگو، كۇبا، ۋېتنام قاتارلىق دۆلەتلەردىلا ساقلىنىپ قالدى. ئەمما، دۇنيا خەلقىنىڭ سەزگۈلىرىدە بۇ دۆلەتلەرمۇ ئۆزگەرمەكتە. كوممۇنىزىم ناھايىتى تېز ئارىدا ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

دالاي لاما: شۇنداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى، خەلق تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئاتوم بومبىسىنىڭ تەھدىتى ياكى قان تۆكىدىغان بىر مەيدان ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى .

دۇنيا سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى جۇڭگوغا ئاللىقاچان تەسىر كۆرسەتتى. بەلكى، جۇڭگونىڭ ئۆزگىرىشى تېخىمۇ تېز بولدى. گەرچە مەتبۇئات ئەركىنلىكى يولغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، خىتاي پۈقرالىرى ئۇستەل ئاستىدا سۆزلىشەلەيدىغان، ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلالايدىغان بولدى، دېدى دالاي لاما .

لېكىن دالاي لاما جۇڭگودا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە ھەرگىز كاپالەت قىلالمايتتى. خىتاي – مىللەت خاراكتېرىنىڭ تۇترۇقسىزلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا جۇڭگودا ۋەزىيەتىنىڭمۇ تۇترۇقسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى دالاي لاما تازا نەزەرگە ئالمىغان بولسا كېرەك.

**تىبەتلەر جۇڭگولۇق ئەمەس**

2003 – يىلى 1 – ئاينىڭ 23 – كۈنى

تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى ساڭ دۇڭ رىن بۇ 22 – كۈنى تەيۋەن «بىرلەشمە گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتى، پرېزىدېنت چېن شۈي بيەننىڭ، تىبەتلىكلەر جۇڭگولۇق ئەمەس، دېگەن سۆزىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ سىياسى مەسىلە ئەمەس (تازا سىياسى مەسىلە نېمىشقا سىياسى مەسىلە ئەمەس) بەلكى، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى پاكىتتۇر، دەپ كۆرسەتتى .

«تىبەت سەرگەردانلىرى فوندى جەمئىيىتى» ۋەكىللىرىنىڭ دادامىسلانى زىيارەت قىلىپ، دالاي لامانى تەيۋەننى زىيارەت قىلىشقا يۈزمۇ – يۈز تەكلىپ قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا ساڭ دۇڭ رىن بۇ: دالاي لاما پرىنسىپ جەھەتتە تەيۋەننى زىيارەت قىلىدۇ، لېكىن ۋاقىت بېكىتىلمىدى، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما ئۆتكەنيىلى تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ھوقۇقىنى، سايلامدىن ئۆتكەن ساڭ دۇڭ رىن بۇ ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۆزى دىنى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەنتى.

مۇخبىر: تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەن ئوچۇق ئاشكارە ھالدا، تىبەتلىكلەر جۇڭگولۇق ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. ئۆتمۈشتە تەيۋەندە بەزى كىشىلەر، تىبەتلىكلەر، مۇڭغۇللار، جۇڭگولۇقلاردۇر، دېيىشكەن. بۇ توغرا ئەمەس ئىدى. تىبەتنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى پرېزىدېنت چېن شۈي بيەننىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلامدۇ؟

جاۋاب: بىز بۇنداق ئاتاشنى قارشى ئالىمىز. بۇ يېڭىچە ئاتاش ئەمەس. بەلكى، ھەممە ئادەم بىلىدىغان پاكىت، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا تىبەتلىكلەر ھەقىقەتەن جۇڭگولۇق ئەمەس، بۇ سىياسى ماۋزۇ ياكى ئېغۋاگەرچىلىك ئەمەس، بەلكى بىلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

مۇخبىر: تەيۋەن ھۆكۈمىتى تىبەتلىكلەرنىڭ تەيۋەنگە بېرىپ كېلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە تىبەتلىكلەرگە جۇڭگولۇقلار قاتارىدا ئەمەس تىبەتلىكلەر ئورنىدا مۇئامىلە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن ؟
جاۋاب: رەسمىيەت ئاددىيلاشتۇرۇشنى قارشى ئالىمىز، بۇ لايىھە بىر يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.
مۇخبىر: يېقىنقى «فوندى جەمئىيىتى» دالاي لامانىڭ تەيۋەننى زىيارەت قىلىشنى يۈز – تۇرانە تەكلىپ قىلسا، دالاي لاما تەيۋەننى ئۈچىنچى قېتىم زىيارەت قىلىشى مۇمكىنمۇ؟
جاۋاب: بۇ يىل ئۇ تەيۋەننى ئۈچىنچى قېتىم زىيارەت قىلىشى مۇمكىن.

**ئەگەر**

2003 – يىلى 3 – ئاينىڭ 19 – كۈنى

مۇستەبىت سادام ھۈسەيىن ئائىلىسى ھوقۇق ۋە ئىراقنى تەرك ئېتىپ ھاكىمىيەت بېشىدىن ئايرىلمايدىغان بولسا، تەڭداشسىز ھەربىي كۈچكە ئىگە ئامېرىكا دۆلىتىگە سادام گۇرۇھىنىڭ تەسلىم بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاشلا ئەمدى پۈتۈن دۇنياغا پرىنسىپنى بوشىنىڭ ئىرادىسى رەھبەرلىك قىلماقتىن باشقا يول قالمىدى. بۇ كەبى قۇدرەتلىك دۇنياۋى داھىغا دۇچ كەلگەندە سادام ھۈسەيىن، كورىيىلىك كىم جوڭ يۇڭ غا ئوخشاش مۇستەبىتلەر ئاخىرقى ساناقلىق كۈنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ھەتتا، مۇستەبىت دۆلەت جۇڭگومۇ تاشقى سىياسىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى. پۈتۈن دۇنيا ئاجايىپ بىر تەۋرىنىش دەۋرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى، تونۇپ يەتتى. بىر مەيدان يېڭىچە ئۇرۇش تەييارلىقى پىشىپ يېتىلدى. بۇ ئۇرۇش يەر شارىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تۈرغۇنلۇقىنى بىتچىت قىلىپ، پۈتۈن يەر شارىغا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ.

پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنى سادام ھۈسەيىن قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى كۆسەي ئاخىرغىچە قان تۆكۈپ ئېلىشىمەن، دېدى. ئەمما، پرېزىدېنت بوشنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى. ھۈسەيىن ئائىلىسى ئىراقتا ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. پۈتۈن دۇنيا، ھەتتا ئەرەب دۇنياسى، سادام ھۈسەيىن قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختۇتۇپ تەختتىن چۈشىشى كېرەك، دېيىشتى. لېكىن دۇنيا يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. قارشى تۇرۇش بىر مۇستەبىتنى قوللاشتىن دېرەك بەرمىسىمۇ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، دۇنيانىڭ تەرتىپىنى قوغداشتىن دېرەك بېرەتتى .

بۇ جەھەتتىن قارىغاندا سادام ھۈسەيىن ھالاك بولۇشتىن بۇرۇن، پرېزىدېنت بوشنىڭ سادام ھۈسەيىنگە 48 سائەتلىك ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوشۇمچە جۈڭگونىڭ ئۇرۇشنى چەكلەشكە ئۇرۇنىشىمۇ مەغلۇب بولدى.

پرېزىدېنت بوشنىڭ ئۇلتىماتومى بۆلۈنۈپ تۇرغان دۇنيانىڭ بۆلۈنۈش ھالىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. فرانسىيە پرېزىدېنتى شىراك ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئىككى نەپەر ۋەزىرى رابىن كوك (بوكىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان يىللاردا رابىيە قادىرنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتكەن) قاتارلىق كىشلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. گېرمانىيىنىڭ ۋەزىرى شورودېر؛ سادام ھۈسەيىنىنىڭ تەھدىتى، سان – ساناقسىز ئادەملەرنىڭ جېنىدىن جۇدا بولۇشىغا سەۋەب بولالمايدۇ، دېدى. ياۋرۇپا پارلامېنتى باياناتى ئېلان قىلىپ: ئۇرۇش قوزغاشتىن بۇرۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھوقۇق بېرىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك، دېدى. روسىيە ئاۋۋال كېلىشىم قىلغان. ئىستراتېگىيىلىك قورالLارنى قىسقارتىش

كېلىشىمنى تەستىقلاشنى كېچىكتۈردى، ھەتتا پەنتىگاننىڭ دىنى داھىسى پوئول جون: ئۈمىدسىزلەندىم، دېدى. قىسقىسى پرېزىدېنت بوشنىڭ ئۆرۈش سىياستى تەنقىدلەندى، ئەيىپلەندى.
بىراق پرېزىدېنت بوشنىڭ ئىرادىسىنى ھەرقانداق كىشى توسۇپ قالالمىدى. بۇ ئەھۋال ئامېرىكا بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت يېپيېڭى بىر دەۋرگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئامېرىكا بۇ دەملەردە دىپلوماتىيە، ئىتتىپاقداشلار دەيدىغان ئەنئەنىلەرنى چۆرۈپ تاشلىدى. «11 – سىنتەبىر ۋەقەسى» ئامېرىكىنى ئۆزگەرتىۋەتتى... دۇنيانى ئۆزگەرتىۋەتتى .

**ۋاشىنگتون**

2003 – يىلى 4 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇگۈن: ئامېرىكا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەننى چۆرۈپ تاشلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيدىغان لايىھىسىنى قوللىماسلىقنى قارار قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا لايىھە تاپشۇرۇش مۇددىتى تۈنۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۇقىرىقى خەۋەرنى «فرانسىيە ئاگېنتلىقى»غا ئېيتىپ بېرىپ، بىز جۇڭگونى ئەيىپلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، دەپ كۆرسەتتى .
ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلادى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو دائىرلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئوساللاشتى، دەپ ئەيىپلەپ ئىككى ھەپتە ئۆتمەي ۋاشىنگتون جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

لېكىن بۇ ئەمەلدار: مۇشۇ مەسىلە بويىچە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بەزى ئىلگىرلەشلەرگە ئېرىشتۇق. بولۇپمۇ توختاپ قالغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى ئۆتكەن يىلى 12 – ئايدا ئەسلىگە كەلتۈردۇق، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلدار يەنە: بېيجىڭ تەرەپنىڭ بەزى ئىلگىرىلىشىنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز بۇنىڭغا ھەقىقى ئىشىنىمىز. شۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىمىز، گەرچە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۇزۇندىن بېرى ئوسال بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، - دېدى .

**«ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى»**

2003 – يىلى 5 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

پرېزىدېنت بوش ئەپەندى: دالاي لاما ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن جۇڭگونىڭ سۆھبەت قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم نىشانى، دەپ كۆرسەتتى .

تىبەت مەسىلىسى ھەل قىلىنماي كېتىۋەرسە، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ. ئاقسارايىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە يوللىغان دوكلادى تىبەت مەسىلىسىنى يۇقىرىقىدەك بايان قىلدى.

جۇڭگو، تىبەت سۆھبىتى توغرىسىدا دوكلادتا: جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئىلھاملاندۇق، دېيىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىق ئۇچرۇششى ئۈمىد قىلىندى. دوكلادتا: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقى تەپسىلى كۆرسىتىپ ئۆتىلدى.

**دالاي لاما**

2003 – يىلى 5 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

دالاي لاما ئۆتكەن ئايدا دادامسالادا تېخنىكا پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى تەيۋەنلىك سۇجيا خىۋاڭ ئەپەندىنى قوبۇل قىلغاندا: ئەگەر مەن تىبەت ۋە جۇڭگوغا پايدىلىق ئادەم بولىدىغانلا بولسام، مەن جۇڭگوغا قايتىپ بارىمەن، دەپ كۆرسەتتى .

ئەينى چاغدا بېيجىڭ بىلەن تىبەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ تەپەككۇر يولى «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» ئىدى، دېدى دالاي لاما .

سوئال: چەت ئەل مەتبۇئاتلىرى سىزنىڭ ۋەكىللىرىڭىزنىڭ يەنە بىر قېتىم بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولدى، سۆھبەتنى تاماملايدىغان ۋاقىت جەدۋىلى بارمۇ، يوق؟

دالاي لاما: هازىر كونكرېت ئىلگىرلەشنى مۇهاكىمە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس. ئۆتكەن يىلى 9 – ئايدا تىبەت بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋەت ئورناتتى. بىز بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ داۋاملىشىشىنى تەدرىجى تىنچلىق سۆھبىتىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، ئارىمىزدا تېخى ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈلمىدى.

سوئال: ئەگەر سىزنىڭ جۇڭگوغا قايتىشىڭىز كونكرېت كۆرسەتكۈچ بولۇپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگو هۆكۈمىتى قايسى ئىشلارنى قىلغاندا، سىز جۇڭگوغا قايتسام بولىدۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن ؟

دالاي لاما: مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم تىبەتكە، جۇڭگوغا پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا، مەن قايتىپ بارىمەن، مەن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايمەن، ئىسمى – جىسمىغا لايىق ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئىشقا ئاشىدىغانلا بولسا، مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم تىبەتكە پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا، جۇڭگو، تىبەت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، تەرەققى

قىلدۇرۇشقا، تىبەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشتا رول ئوينايدىغان بولسام مەن قايتىپ بارىمەن .
سوئال: ئەگەر جۇڭگو دائىرلىرى شياڭگاڭچە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» تەساۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ تۈزۈمنى تىبەتنى باشقۇرۇش سىياستى قىلىپ بەلگىلەيدىغان بولسا، جانابلىرى قوبۇل قىلىشى مۇمكىنمۇ؟
دالاي لاما: ئەينى چاغدا تۈزۈلگەن 17 ماددىلىق كېلىشىمنىڭ تەپەككۇرى ھەقىقەتەن «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» تەپەككۇرىغا ئوخشاش ئىدى.
سوئال: تەن سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ تەيۋەن داۋالاش ئۆمىكىدىكىلەر سىزگە قانداق ياردەم قىلىشى مۇمكىن ؟
دالاي لاما: ئۆتكەن يىلى 1 – ئايدا ئازراق زۇكامداپ قالدىم، ھازىر پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىم، راك كېسەللىكىمۇ گىرىپتار بولمۇدۇم.
سوئال: تەيۋەندىكى سىياسى ئەربابلارنى «قانداق باھالايمىز ۋە ئۇلارغا قانداق تەكلىپ قويىمىز؟
دالاي لاما: مەن سابىق پرېزىدېنت لى دىڭ خۇي بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. تۈپتۈز شۇنداق سەممىي ئادەم ئىكەن، مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. لى دىڭ خۇي دىنغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن.
چېن شۈي بيەن پرېزىدېنت بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، يەنىلا دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئېتىقادىدا چىڭ تۇردى بەلكى تىبەتلەرگە ئىنتايىن كۆپ غەمخورلۇق قىلدى.

**بېيجىڭ**

2003 – يىلى 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

25 – كۈنى تۈنجى قېتىم «شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب» ئېلان قىلىپ، «شىنجاڭ»غا ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ

تارىخى يەشمىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ «نېگىزلىك» مەيدانىنى بايان قىلدى ۋە «شىنجاڭ»نىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، سىياسى ئەھۋالىنى ھەمدە «شىنجاڭ» مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇرىستانچىلىقنىڭ كېلىپ – كېتىش تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى .

«ئاق تاشلىق كىتاب» 22000 خەتايچە خەت بىلەن يېزىلدى. ئون قىسمغا بۆلۈندى. ئەڭ مۇھىمى «شىنجاڭ» مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

«ئاق تاشلىق كىتاب»، «شىنجاڭ» ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ياشاپ كەلگەن رايون، ھازىر «شىنجاڭ»دا «47» مىللەت ياشايدۇ، جۇڭگودىكى بەش ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە، بىر ئاز سانلىق مىللەت رايونى «شىنجاڭ»نىڭ نوپۇسى 19 مىليون 250 مىڭ. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ (كۆچمەنلەرنىڭ) نوپۇسى 8 مىليون 280 مىڭ بولۇپ «شىنجاڭ» نوپۇسىنىڭ 45% تىنى ئىگىلەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

«ئاق تاشلىق كىتاب»تا: ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «تۈركىستان» دېگەن بىر ئىسىم ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭ مەنىسى بۇ زېمىن تۈركلەرنىڭ زېمىنى —— سىر دەريانىڭ شىمالىي پاسىلىغا تۇتىشۇپ كەتكەن شەرقىي رايونلارنى كۆرسەتتى. 18 – ئەسىرگە كەلگەندە «تۈركىستان» دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ جۇغراپىيىۋى مەنىسى مۇجمەللىشىپ كەتتى. «شىنجاڭ» غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلاپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان، دەپ كۆرسەتتى .

20 – ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى، دىنى ئاكابىرلار «شەرقىي تۈركىستان» ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى، دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، سىياسى بىلەن دىن بىرلەشكەن دۆلەت قۇرماقچى بولدى

ھەمدە جۇڭگو 3000 يىلدىن بېرى تۈركلەرنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلدى، دەپ ئاتاشتى .
20 – ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە 40 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەسىلەن، 1933 – يىلى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» 1944 – يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى.
20 – ئەسىرنىڭ 1990 – يىللىرىدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرىستان كۈچلىرى، بۆلگۈنچىلەر تېرروررىزىملىق ھەرىكەتنى مۇھىم ھەرىكەت ۋاستىسىغا ئايلاندۇردى.
«11 – سىنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن خەلقئارا تېرروررىزىمغا قارشى تۇرۇش سادالىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇيغۇرىستانچىلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پائالىيىتى تەسىرگە ئۇچرىدى، - يۇ، لېكىن توختاپ قالمىدى.
1954 – يىلى جۇڭنەنخەي «شىنجاڭ»دا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى قۇرۇپ چىقتى. بېيجىڭ «ئاق تاشلىق كىتاب»ىدا بىڭتۇەن 50 يىلدىن بېرى ئىچكى – تاشقى مۇستەقىلچىلەرگە زەربە بېرىشتە ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان كۈچكە ئايلاندى، دەپ تەسۋىرلىدى.

**«ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى»**
2003 – يىلى 5 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

دالاي لاما تەشكىللىگەن ئەلچىلەر بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى، ھەمدە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 27 – كۈنى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى.
مۇشۇ پەيتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دالاي لامانىڭ ئەلچىلىرىنى قارشى ئېلىشنى قارار قىلغانلىقى، تىبەت ئاپتونوم رايونىغا سېكرېتار بولغان بۈگۈن جۇڭگونىڭ رەئىسى بولغان خۇ جىنتاۋنىڭ تۇنجى قېتىم دۆلەت رەئىسى

سۈپىتىدە پرېزىدېنت بوش بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرۇششىنى ئۆتكۈزۈش ھارپىسىدا، پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە تۇتقان سوۋغىسى، دەپ قارالدى.
ئامېرىكا ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەدىيەلەپ، سۆز – ئىبارىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرۇششىغا كەيپىيات مۇھىتى تەييارلىغاندەك بولدى.
ئۆتكەن يىلى 9 –ئايدىن كېيىن، دالاي لاما يەنە بىر قېتىم لورى گېرەينى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بېروشىر ئەپەندى 27 – كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا باياناتىنى ئوقۇپ بەردى: ئامېرىكا 25 – كۈنى جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ شاڭخەيدە دالاي لامانىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى لورى گېرەينى قارشى ئالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈپ يەتتى.
پرېزىدېنت بوش ئەپەندى ۋە دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇڭگو بىلەن دالاي لامانىڭ سۆھبەت قۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى توغرىسىدا، جۇڭگو رەھبەرلىرى بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندى. ئامېرىكا، سۆھبەتلىشىش ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىختىلاپلارنى ھەل قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ.
ئۆتكەن يىلى 9 – ئايدا ئوخشاش ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭ ۋە لىخاسانى زىيارەت قىلغاندا باياناتچى رىچارد بېروشىر: باياناتىدا بۇگۈنكىگە ئوخشاشلا بىر جۈملىنى بايان قىلغان. ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى شۇكى ئۆتكەن يىلى باياناتچى رىچارد بېروشىر: مۇخبىرلار سوئال قويىغاندىلا يۇقىرىقى جۈملىنى بايان قىلغان. بۇ يىل باياناتچى رىچارد بېروشىر، باشلىنىش بىلەنلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن باياناتىنى بايانات قىلدى.

ئىككى پارچە باياناتنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى، ئۆتكەن يىلقى باياناتنىڭ مەزمۇنىدىن، بۇ يىلقى باياناتنىڭ مەزمۇنى بىر جۈملە سۆھبەتلىشىش تىببەت خەلقىنى تىبخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدۇ، دېگەن بىر جۈملە ئارتۇق قويۇلدى.

**پرېزىدېنت بۇش**

2003 – يىلى 6 – ئاينىڭ 2 – كۈنى

پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، 6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ بىلەن موسكۋادا ئۇچراشقاندا: ئامېرىكا ئۈچ پارچە ئاخباراتقا ۋە «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى»غا ئاساسەن تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى قوللىمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياستى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قايتا تەكىتلىدى. خۇ جىنتاۋ بۇنداق شەرھلەشتىن تەسىرلىنىپ ياخشى، ناھايتى ياخشى دېدى.

بۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈش، ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ بىر جۇڭگو سىياستىنى بايان قىلغاندا تۇنجى قېتىم ئامېرىكا، تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى قوللىمايدۇ، دېگەن سۆزنى، ئۈچ پارچە ئاخبارات «تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى» بىلەن بىر ئورۇندا تىلغا ئېلىشى ھېسابلىنىدۇ.

پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى 1 – كۈنى روسىيىدىن ئايرىلىپ، فرانسىينىڭ ئەۋئيان شەھرىگە، سەككىز دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىغا كېتىۋاتقاندا ۋاقىت چىقىرىپ جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقان .

**ۋاشىنگتون**

2003 – يىلى 6 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى 17 – كۈنى «شياڭگاڭنىڭ ئەركىنلىكىنى قوللاش قانۇن

لايىھەسى»نى قارشى ئاۋازسىز ماقۇللاپ، شياڭگاڭدا قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنى بىۋاستە سايلاشنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇپ، سايلامدىن ئۆتكەن قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ 23 – ماددىسىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن تۇرغۇزۇشنى مۇراجىئەت قىلدى.

«قانۇن لايىھەسى»دە نۆۋەتتىكى «شياڭگاڭنىڭ نېگىزلىك قانۇنى»نىڭ 23 – ماددىسى ئەيىپلەندى، تەنقىد قىلىندى. «نېگىزلىك قانۇن»نىڭ 23 – ماددىسىدا ئەركىنلىك چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، 23 – ماددىسىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىھەسنى بىكار قىلىش تەلەپ قىلىندى.

بۇ قانۇن لايىھەسنى دۆلەت مەجلىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەزاسى نەنسى پېلوسى قاتارلىق دۆلەت مەجلىس ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان.

«قانۇن لايىھەسى»دە، 23 – ماددىسىغا ئاساسەن يەنە قانۇن تۇرغۇزۇش ئەيىپلىنىپلا قالماستىن بەلكى، ئىدىيە، يىغىلىش، ئاخبارات، سۆز – مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىق نېگىزلىك ئەركىنلىكنىڭ چەكلىنىشى ھەم ئەيىپلەندى، ھەمدە قانۇن تۇرغۇزۇش كومىتېتىنى خەلق سايلاپ، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق، سايلام ئارقىلىق قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئومۇمى خەلق بېلەت تاشلاش شەكلى بويىچە مەسىلە ھەل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

«قانۇن لايىھەسى»دە: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشى تەلەپ قىلىندى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى تام لەنتۇس ئەپەندى: شياڭگاڭنىڭ خەلقئارا ئوبرازى 23 – ماددىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەگەر 23 – ماددا ئاساسىدىكى يېڭى قانۇن لايىھەسى كۈچكە ئىگە بولىدىغانلا بولسا، بېيجىڭ، فالۇن گۇڭپىسى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى باستۇرىدۇ. ئامېرىكا، لى جۇ مىڭ (شياڭگاڭلىق دېموكرات ئادەم) قاتارلىق دېموكراتلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى قوللىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى .

**شياڭگاڭ**

2003 – يىلى 7 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك 17 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى شياڭگاڭ توغرىسىدا «قانۇن لايىھە» ماقۇللىدى. تەسىرلەنگەن شياڭگاڭ يۇقىرالىرى 7 – ئاينىڭ 1 – كۈنى دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ نامايەندىسىنى تىكلىدى. 1 مىليون كىشىلىك زور كۆلەملىك نامايىشچىلار قوشۇنى پۈتۈن دۇنيانى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق زىلزىلىگە سالدى، نامايىشچىلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە، شياڭگاڭ مەمۇرى رايون ھۆكۈمىتىگە سىگنال بېرىپ: خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، دېدى.
23 – ماددا ئاساسىدا قانۇن تۇرغۇزماقچى بولغان جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ياق! دېدى شياڭگاڭلىقلار. شياڭگاڭلىق تىنچلىق ئىچىدە ۋە ئەقلى كامالەت بىلەن نامايىش قىلىپ، بىر تامچە قان تۆكمەي، بېيجىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇردى. «شەرەپلىك ئىنقىلاب» دەپ، ئاتالغان بۇ قېتىمقى نامايىش تارىخقا ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ يېزىلدى.
شياڭگاڭنىڭ ۋە دۇنيانىڭ جامائەت پىكرى: 1 – ئىيۇل نامايىشى ئاجايىپ بىر ئۆزگىرىشنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. ئالتە يىلدىن بېرى جۇغلانغان نارازىلىق، خەلق زېھنىنىڭ چېچىلىپ تۇرۇشى، 23 – ماددا ئاساسىدا تۇزۇلگەن قانۇننىڭ قىستاپ كېلىشى، ئۈمىد بىلەن غەزەبىنىڭ ئارىلىشىپ جۇغلىنىشى پارتلاپ چىققان ھامان دەھشەتلىك غەزەپ دولقۇنىغا ئايلاندى، دېيىشتى. ئەگەر، دېدى پىكىر قىلغۇچىلار: چوقۇم شياڭگاڭنىڭ ئەتىسى بولىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، بۈگۈنكى نامايىش شۇنداق زور ئۆزگىرىشنىڭ پەردىسىنى ئاچتى، دېيىشتى.
7 – ئاينىڭ 1 – كۈنى زوراۋان جۇڭگولۇق ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. بۇ كۈن خىتايدا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى بولۇپلا قالماستىن 1997 – يىلنىڭ شۇ كۈنىدە، شياڭگاڭ جۇڭگولۇقنىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلگەن كۈن ئىدى. ئالتە يىل

ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، شياڭگاڭلىقنىڭ ئەينى چاغدىكى شادلىقنى كۆرگىلى بولمايلا قالماستىن تېلېۋىزور ئارقىلىق كىشلەر قانچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان كوچىلاردا غەزەپ بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ھەيۋىسىنى تاماشا قىلدى. شياڭگاڭلىق بۈگۈن بىخەتەرلىكنى، ئەمىنلىكنى ۋە خاتىرجەم ھاياتىنى ئىزدەپ كوچىغا چىققان ئىدى. پۈتۈن دۇنيا 1 مىليون شياڭگاڭلىقنىڭ قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلىدى. نامايىشقا قاتناشقۇچىلار شياڭگاڭ مەمۇرى رايون ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلدى.

شياڭگاڭلىق سىياسى سوتسولوگ ۋۇگو گىۋاڭ ئەپەندى: شياڭگاڭ تۈگەشتى، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياستى شياڭگاڭنى تۈگەشتۈردى، دېدى.

ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۈگۈنكى ئەمەلىيەت «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياستىنىڭ پرىنسىپ ئورنىدا خاتا ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈم سۈپىتىدە ئۇتۇپىيە، خام – خىيال ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەت ئورنىدا ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ئىكەنلىكىنى، ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى، تارىخنىڭ، زاماننىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمىدى، شياڭگاڭ تۈگەشتى، شياڭگاڭنى تۈگەشتۈردى. كوممۇنىستلار شياڭگاڭنى تۈگەشتۈردى، دېدى.

**ۋاشىنگتۇن**

2003 – يىلى 7 – ئاينىڭ 3 – كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى 1 – كۈنى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتاج بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگونىڭ ۋاشىنگتۇندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن، جۇڭگونىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىسترى ۋاڭ يى ئەپەندىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسىدا سۆھبەتلەشتى .

جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشقانلىقتىن كۆلىنى پوۋېل ۋە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېرتاج ئەپەندى، جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىغا: بىز (ئامېرىكا) جۇڭگودا دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇقا جىددى كۆڭۈل بۆلىمىز، دېدى.
ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بېروشېر، 2 – كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: 1 – كۈنى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېرتاج، جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەندە، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل سۆھبەتكە ئارىلاشتى دەپ، كۆرسەتتى .
بۇ خەۋەرنى گېزىتلەر بەس – بەستە خەۋەر قىلىشتى.

**رەندى شېرپېۋر ئەپەندى**

2003 – يىلى 7 – ئاينىڭ 16 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارى 16 – كۈنى: بېيجىڭ بۈگۈندىن سەل بۇرۇن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئامېرىكىنى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ لايىھە ئوتتۇرىغا قويماسلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ۋەدە بەرگەن. لېكىن ھازىرغىچە ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرمىدى، دەپ كۆرسەتتى .
شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شېرپېۋر ئەپەندى: ئۇلار (جۇڭگو) قارار چىقىرىشتىن ئاۋۋال بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بىز (ئامېرىكا) ئۇ ئىشلارنى سىناپ بېقىشنى بىلدۈرگەن ئىدۇق... ئەپسۇسكى... ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ پوزىتسىيىسى ئەسلا ياخشى بولمىدى، دەپ كۆرسەتتى .

ئەپەندى: ۋاشىنگتوننىڭ شۇ ۋاقىتتا بېيجىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق، دەپ جاكارلىشىنى، خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگودا ئەبەدىي ئىشخانا قۇرۇشىغا يول قويۇشىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئايرىم ئورگانلىرىدىن ئالاھىدە دوكلاتچىلارنىڭ جۇڭگوغا بېرىپ كېلىپ تۇرۇشىغا يول قويۇشىنى ھەمدە بەزى سىياسىي مەھبۇسلار ئۈستىدە  تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن قايتا سىناق ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشىنى تەلەپ قىلدى، دەپ كۆرسەتتى .

ئەپەندى: «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: جۇڭگو ھۆكۈمىتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ لايىھە قويماسلىقى توغرىسىدا، ئامېرىكىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بەزى جەھەتلەردە ئىلگىرلەشكە ماقۇل بولغان ئىدى. لېكىن بىز (ئامېرىكا) ھازىرغىچە كۆرۈشنى خالىغان ئىلگىرلەشنى كۆرەلمىدۇق، دەپ كۆرسەتتى .

ئەپەندى: بەلكى ئۇلار (جۇڭگو) بىز ئالىلقاچان ئامېرىكىغا چۈشەندۈرگەن ئىدۇق، دەپ سەۋەب كۆرسىتىشلىرى مۇمكىن. ئەمما، چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھېچقانداق قايىل قىلىش كۈچى يوق. شۇڭا بىز (ئامېرىكا) ئۇلار  (جۇڭگو) تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى كېرەك دەپ، قارايمىز دەپ كۆرسەتتى .

ئامېرىكا بۇ يىل 4 – ئايدا ئەنئەنىۋى خىزمەت ئۇسۇلىغا قارشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى قارار قىلدى. ئىككى ھەپتە ئۆتە –ئۆتمەيلا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلادى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئوساللاشتى، دەپ تەنقىد قىلدى.

ئەپەندى: رادىئوغا سۆزلىگەندە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدىم، ئەپەندى 7 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلاد بەرگەندە: ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورناتتى، دەپ سوئال قويۇلغاندا، ئەپەندى: جۇڭگونىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى يېقىندا، پات ئارىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى، دەپ كۆرسەتكەندى. لېكىن خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «دۇنيا گېزىتى» رەندى شىرىپىۋىر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى خەۋەر قىلغاندا ئۇنىڭ رابىيە قادىر توغرىسىدا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئېلان قىلمىدى.

**تەيۋەن**

2003 – يىلى 7 – ئاينىڭ 26 – كۈنى

تەيۋەن پرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى يۇ يى رىن 22 – كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگەندە، ئېھتىمال جۇڭگونىڭ تەيۋەن ئىشلىرى بويىچە ئىككى نەپەر ئەمەلدارى ـــ چىن يۈن لىن ۋە جو مىڭ ۋېي قاتارلىق ئەپەندىلەرنىڭ ئوخشاش بىر كۈندە ۋاشىنگتونغا مەخپىي زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالدى.
خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، چىن يۈن لىن ۋە جۇ مىڭ ۋېي ۋاشىنگتوندا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بىلەن قىزىق نۇقتىلار ئۈستىدە تەيۋەندە ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. بېيجىڭ تەيۋەندە، ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش ھەرىكىتى يولغا قويۇلىدىغانلا بولسا، بۇ تەدرىجى تەيۋەن مۇستەقىللىقىنىڭ تۈنجى قەدىمى، دەپ قارىدى. ھەممىگە ئايانكى، ئامېرىكا بىرقانچە قېتىم تەيۋەننىڭ ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تەيۋەندە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي خەلق

بىلەن تاشلاش ھەرىكىتىنى قوللاش ۋەزىيىتى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئېنىقكى بېيجىڭ ئامېرىكىنىڭ زادى ئويۇننى راست ئويناۋاتقانلىقىدىن ياكى يالغان ئويناۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چىن يۈن لىن جو مىڭ ۋىلار ئامېرىكىغا مەخپى يېتىپ كېلىشتى.

ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج ئەپەندى چىن يۈن لىن قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، تەيۋەندە ئومۇمى خەلق بىلەت تاشلاشقا مۇناسىۋەتلىك، تاشقىرى دۇنياغا ئېلان قىلىشقا بولىدىغان ئورتاق تونۇشقا كېلىشتى. لېكىن ھېچبولمىغاندا  مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىر تاج ئىككى قىرغاق مەسىلىسىنى ئىككى قىرغاق خەلقلىرى ئۆزلىرى ھەل قىلىشى كېرەك، دېگەن مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، دەيدۇ خىتاي مىللەتچىلىرى: ئامېرىكا، بېيجىڭنىڭ پىكرىگە سەل قارىمىدى.

تەيۋەن ئەمەلدارلىرى: نۆۋەتتە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىلگىرلەش كۆرۈلدى، دەپ قارىدى. جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دەي گىڭ گو، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل بىلەن ئىككى يېرىم سائەت سۆھبەت قۇرۇپ رېكوردنى بۇزۇۋەتتى. بىر ھەپتە ئۆتە – ئۆتمەي چىن يۈن لىن قاتارلىقلار ۋاشىنگتونغا مەيپى قاتراپ كەلدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرلىگەنلىكىنى دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېلىنىڭ 22 – كۈنى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ مۇخبىرىغا سۆھبەت بايان قىلغاندا سۆزلىگەن سۆزلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كولىن پوۋېل: يالىڭاچلا، پرېزىدېنت ھۆكۈمىتى 10 يىلدىن بېرىكى ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

مەسلە ئۇزۇل – كېسل ئۇستەلگە چىقتى، دېدى. (نېمە مەسلىدۇر، ئادەم تەقەززا بولدىغۇ).
دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى: تەيۋەن بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان ئىشلار، بېيجىڭ، تەيۋەن ئىشلىرى بويىچە سەزگۈرلۈككە نىسبەتەن ئامېرىكا، داۋاملىق سەزگۈرلۈكنى ساقلاپ كەلدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئامېرىكا جۇڭگوغا ئىنتايىن مۇكەممەل بىر پىلاننى تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى... نېمە پىلاندۇ، بۇ پىلاننىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بارمىدۇ... ؟ كىم يوق دەيدۇ؟

**ئامېرىكا**

2003 – يىلى 7 – ئاينىڭ 27 – كۈنى

خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دەي گىڭ گو ۋاشىنگتونغا مەخپى يېتىپ كەلدى. دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل، دەي گىڭ گونى قوبۇل قىلىپ، ئىككى يېرىم سائەت سۆھبەتلىشىپ، رېكوردىنى بۇزۇۋەتتى. ئېنىق بولمىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گېزىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، دەي گىڭ گو 7 – ئاينىڭ 14 – كۈنى ئەتراپىدا ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا جۇڭگونىڭ يەنە ئىككى نەپەر ئەمەلدارى چىن يۈن لىن، جۇ مىڭ ۋېي قاتارلىقلار ۋاشىنگتونغا مەخپى يېتىپ كەلدى. 7 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ئەمېرتاج ئەپەندى بۇلارنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن 22 – كۈنى دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى» مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10 يىلدىن بېرىكى ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭياخشى مۇناسىۋىتىنى ئورنىغا كەلتۈردى... نېملا بولسا، ئامېرىكا جۇڭگوغا ئىنتايىن مۇكەممەل بىر پىلان تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى .

ۋەقەلەرنىڭ تەرتىپلىرىگە قارايلۇق، خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىسترى دەي گىڭ گو 14 – چىسلا ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋىر ئەپەندى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە دوكلاد بەرگەندە: خىتاينىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى يېقىندا، پات ئارىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، دەپ كۆرسەتتى. 7 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋىل ئەپەندى: «پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10 يىلدىن بېرىكى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى... نېمىلا بولسا، ئامېرىكا، جۇڭگو تەرەپكە مۇكەممەل بىر پىلان تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، 7 – ئاينىڭ 24 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەپەندى يەنە بىر قېتىم رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا رادىئوغا سۆزلىگەن سۆزىدە: ئۇيغۇرلار قەدىمى مىللەت... جۇڭگو ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرۇلغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا توغرا مۇئامىلە قىلمايدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن زىيادە ئەنسىرەشكە توغرا كېلىدۇ... جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى 12 – ئايدا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئىجرا قىلىشى لازىم، رابىيە قادىر تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى .

كۆرۈپ يەتتۇقكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەختىنى ئېيتقاندا ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئورۇن ئالدى، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئېنىقلىق چوڭقۇرلاشتى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە نىسبەتەن بەختسىزلىكتىن ئېيتقاندا مەسىلە ئېغىرلاشتى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋىل، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمىرتاج، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رەندى شىرىيۋىر قاتارلىق

رەھبەرلەر جۇڭگو تەرەپكە تاپشۇرغان «مۇكەممەل پىلان»نىڭ ئىچىدە تەيۋەن مەسىلىسى بارمۇ، يوق، تىبەت مەسىلىسى بارمۇ، يوق، ئۇيغۇر مەسىلىسى بارمۇ، يوق؟
تەيۋەن پرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى يۈ يى رېن ئەپەندى 22 – كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى. دېمەك «مۇكەممەل بىر پىلان» ئىچىدە تەيۋەن مەسىلىسى بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقبىز، دالاي لاما 9 – ئايدا ئامېرىكىنى، ئاۋسترالىيىنى زىيارەت قىلىدىغان بولدى. دېمەك «مۇكەممەل بىر پىلان» ئىچىدە تىبەت مەسىلىسى بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقبىز، خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دەي گىڭ گو ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كېتىپ بىر كۈن ئۆتە – ئۆتمەي ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەپەندى، دۆلەت مەجلىسىگە دوكلاد بەرگەندە (16 – كۈنى) رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 22 – كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا سۆھبەت بايان قىلىپ، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەپەندى، 7 – ئاينىڭ 24 – كۈنى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى توغرىسىدا رادىئوغا سۆزلىگەندە كىشىلىك ھوقۇقتىن ھالقىپ، مەسىلىسىنى سىياسەت خاراكتېرلىك كۆتۈرۈپ چىقتى. دېمەك «مۇكەممەل بىر پىلانىنىڭ ئىچىدە» ئۇيغۇرستان مەسىلىسىمۇ بار ئىكەن دېيىشكە ھەقلىقبىز .

**ناتو**

2003 – يىلى 8 – ئاينىڭ 12 – كۈنى

ناتو، 11 – كۈنى ئافغانىستان تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى رەسمى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ئىش ناتو قۇرۇلغان 54 يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ياۋروپانىڭ سىرتىدا، رايونلار ۋە ئۆلكىلەردە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بولۇپ ھېسابلاندى .

ناتونىڭ كاتىپى رىنو، كابۇلدا بىر مەكتەپتە ھوقۇق ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم سىياسى ئەربابلىرىغا سۆزلىگەن سۆزىدە: بۇ ۋەزىپە ناتونىڭ قىياپىتىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنىڭ ھەمدە 21 – ئەسىردە بىخەتەرلىك خىرىسىغا دۇچ كەلگەن ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى .

ئافغانىستانغا بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ياردەم بەرگۈچى، بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ 90% تىنى ناتو تەمىنلىگەن. بۈگۈن ناتونىڭ يۇقىرىقى قوشۇننىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلىش بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىقىنى، دائىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەر يېرىم يىلدا بىر دۆلەت بۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان ئاۋارىچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىدى.

ئافغانىستانلىقلارغا نىسبەتەن ناتودىن ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىمى، ناتو بۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشنى رەسمى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بۇ قوشۇننىڭ چارلاش دائىرىسى پايتەخت كابۇلنىڭ سىرتىدىكى رايونلارغا كېڭەيەمدۇ ياكى كېڭەيمەمدۇ، دېگەن مەسىلە ئىدى.

ئافغانىستاننىڭ كابۇلدىن باشقا رايونلىرىدا ۋەزىيەت كەسكىنلەشتى. بولۇپمۇ ئافغانىستاننىڭ شەرقىي رايونلىرىدا تالىبانلار بىرلەشمە ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرلەشمە ئارمىيىنى قوللىغۇچى ئافغانىستانلىقلارنى ۋە ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن خادىملارنى ياردار قىلدى.

ئافغانىستاننىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇزۇندىن بېرى كۆپ دۆلەت قىسىملىرى ۋە تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ كەلگەن .

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل، 11 – كۈنى ۋاشىنگتوندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا: ئامېرىكا، كېلەر يىلى 6 – ئايدىن بۇرۇن، ئافغانىستاننى زور بىر تۈركۈم ياردەم بىلەن جۈملىدىن 1 مىليارد دوللار بىلەن تەمىنلەشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇشقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى، ناتۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. لېكىن، 11 – كۈنى ئافغانىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ دۇنيانىڭ ئاساسى جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شىمالى ئاتلانتىك ئوكيان تەشكىلاتىنىڭ يېڭى ۋەزىپىسى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا 26 دۆلەت دۇچ كەلگەن تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ھەم بۇ تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇشقا ئامېرىكىنىڭ قاتنىششىنى تەن ئېلىش ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى .

ناتۇنىڭ مۇستەملىككە ئۇيغۇرىستاننىڭ چېگراسى ئافغانىستاندا پەيدا بولۇشى ۋە ناتۇنىڭ ئافغانىستاندا تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى مۇستەملىكچى خىتايلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ۋە خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن .

**تىبەت**

2003 – يىلى 8 – ئاينىڭ 26 – كۈنى

تىبەتلەرنىڭ روھانى داھىسى دالاي لاما: فرانسىيە «ئازادلىق گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: مېنىڭ ۋەكىللىرىم بېيجىڭدە، بېيجىڭ رەھبەرلىرى بىلەن تىبەتكە تېخىمۇ زور ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لېكىن، سۆھبەت كەلگۈسى ئىككى، ئۈچ يىل ئىچىدە نەتىجىگە ئېرىشىشى لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن تىبەت ياشلىرىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى بېسىپ قويۇشقا مېنىڭ ئامالىم يوق، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لامانىڭ مۇخبىرغا بايان قىلغان سۆھبىتى بۈگۈن «ئازادلىق گېزىتى»گە بېسىلىپ چىقتى.
دالاي لاما بېيجىڭ بىلەن تىبەتنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلىرى ئېرىشكە باشلىدى، مەن بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇشالمەن، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما، تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيى، مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىگىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىشىمدىن نارازى بولۇپ، ياشلار قۇرۇلتىيى پەقەت خىتايدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
دالاي لاما: سەبرى – تاقاتلىك بولۇش كېرەك، بىز تېخى ئۆتكەن يىلدىلا ئۇچرىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. ئەگەر ئىككى، ئۈچ يىلغىچە بىرەر نەتىجە كۆرەلمەيدىكەن، مەن تىبەت ياشلىرىغا ئوتتۇرا يول مەيدانىمنى چۈشەندۈرەلمەيمەن. لېكىن مەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ كۆرسەتتى .
دالاي لاما: تىبەت بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە ئۇچرىشىشنى قارشى ئالىمەن. بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ماڭا: ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا كەيپىيات ئىنتايىن ياخشى بولدى، دېدى. مەن يەنە باشقا ئۇچرىشىشلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ ئاخىرى ئەستايىدىل سۆھبەتكە ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ كۆرسەتتى.
دالاي لاما، ھازىرغىچە نېگىزلىك ئۆزگىرىش بولمىدى. 80 – يىللاردىن

باشلاپ بىز تىبەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ تەرەپ جۇڭگوغا ئىنتايىن ئېنىققۇ؟ دەپ كۆرسەتتى.
تەھلىلچىلەر: تىبەت بىلەن بېيجىڭنىڭ ئۇچراشقانلىقى بېيجىڭنىڭ تىبەت مەسىلىسى بويىچە قاتتىق مەيدانىنىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، دېيىشتى.

**پرېزىدېنت بۇش**

2003 – يىلى 9 – ئاينىڭ 11 – كۈنى

پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، 11 – كۈنى دالاي لامانى ئاقسارايدا قوبۇل قىلدى. دالاي لاما تىبەت مۇستەقىللىقىنى تەكتلىمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلدى. ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەدەپ تىبەتتە، تىبەت مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كۆرسەتتى .
ئۇچرۇشۇشتىن كېيىن دالاي لاما: پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندىلەر تىبەت خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا، تىبەت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلدى. ھېسداشلىق قىلدى. مەن ئىشىنىمەنكى، ئامېرىكا، ئامېرىكا خەلقى تىبەت مەسىلىسى بويىچە قولىدىن كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
دالاي لاما: تىبەتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغان، بېيجىڭ تىبەت مەسىلىسىنى ئەمەلىي ھەل قىلغان ئەھۋالدا مەن تىبەتكە قايتىپ بارىمەن، دەپ كۆرسەتتى. دالاي لاما پرېزىدېنت بۇش ئەپەندىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەندىن باشقا ئاقسارايدا لورا بۇش خانىم بىلەن كۆرۈشتى.
ئۇچرۇشۇشتىن كېيىن ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى: پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى، جۇڭگو بىلەن دالاي لامانىڭ سۆھبەت قۇرۇشىنى قوللايدىغان مەيدانىنى قايتا شەرھلىدى. پرېزىدېنت بۇش ۋە دالاي لاما بىردەك،

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا كۈچلۈك ۋە قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى لازىم، دەپ قارىدى، دەپ كۆرسەتتى .
باياناتچى: تىبەت سەرگەردىن ھۆكۈمىتى بىلەن بېيجىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى شىاڭگاڭ ۋە تەيۋەن مەسىلىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەگەر جۇڭگو، تىبەت مەسىلىسىنى ئەمەلىي بىر تەرەپ قىلىدىغان بولسا، كەلگۈسى شىاڭگاڭ مەسىلىسىنى، تەيۋەن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ تىنچ ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان بىر ئىش بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى .
باياناتچى: تىبەت بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئەينى ۋاقىتتا تۈزۈلگەن «17 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى»نىڭ روھىغا ئاساسلانغاندىمۇ تىبەت 1951 – يىلىدىن باشلاپلا «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم»نى يولغا قويغان بولاتتى. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياسى شەكلى تەيۋەنگە ماس كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، دېگەن سوئالغا باياناتچى: بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس، دەپ جاۋاب بەردى .
دالاي لاما، تىبەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. تىبەتنى خىتايلاشتۇرۇشنىڭ سۈرئىتىدىن ئەنسىرەيتتى. دالاي لاما: تىبەتتە بىر قىسىم رايونلاردا خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى كۆندىن – كۈنگە كۆپەيمەكتە. دائىرىلەرنىڭ «غەربنى ئېچىش پىلانى»نىڭ پايدىسى خىتايلارغا تېگىدۇكى، تىبەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق، دەپ كۆرسەتتى .

**رابىيە قادىر**

2003 – يىلى 9 – ئاينىڭ 24 – كۈنى

6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ۋاشىنگتوندىن تېلېفون تاپشۇرۇۋالدىم. تېلېفون بەرگەن كىشى ××× بىلەن ۋاشىنگتوندا تۇرغان چاغلىرىمدا تونۇشۇپ ئۆتكەن ئىدىم.

—— سىدىقھاجى ئۇلتۇراملا! رادىئودا ئىشلەيدىغانلارغا خەۋەر كەپتۇ... خىتاي ساقچىلار رابىيە خانىمنى تۈرمىدە ئۇرۇپتۇ... كېسەل بولۇپ قاپتۇ... ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن... دېدى.

دەسلەپتە بۇ خەۋەرگە تازا ئىشەنمىدى... مۇمكىنمۇ؟ بالىلىرىم يېقىندىلا تۈرمىگە چىقىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ كىرىدىغۇ؟ بىر ئىشىنىپ – بىر ئىشەنمەي، بىر ئەنسىرەپ، بىر تىتىلداپ، تۆت بالامنى ماشىنىغا سېلىپ، ماشىنا ھەيدەپ 6 – ئاينىڭ 3 – كۈنى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم.

ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن. ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئېچىپ بەرگەن ئامېرىكا خەلقى، ئۇيغۇرلارنىڭ پۇلى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئامېرىكا خەلقى رادىئوغا سۆزلەيدىغان بىكارلىق تېلېفون يولى ئېچىپ بەرگەن ئىدى. خۇدا ئازراق بولسىمۇ جۈرئەت ئاتا قىلغان ئۇيغۇرلار شۇ يول – لىنىيە ئارقىلىق رادىئوغا سۆزلەپ تۇراتتى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپچۈلۈكى، بېيجىڭ، گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە تىجارەت بىلەن ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىدى.

6 – ئاينىڭ 1 – كۈنى خوتەنلىك بىر يىگىت، بىكار تېلېفون ئارقىلىق «ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى»نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىپ، يېڭىلا تۈرمىدىن چىققان ئانىسىنىڭ، تۈرمىدە بىللە ياتقان رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتىغا ئالاقىدار مەلۇماتىنى، ئامانىتىنى خەۋەر قىلىپ يەتكۈزگەن ئىكەن. رادىئونىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان ئابدۇلھەكىم باقى، دېگەن كىشى خوتەنلىك يىگىتنىڭ رادىئوغا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى

ئۇنئالغۇ لېنتىسىگە ئېلىۋالغان ئىكەن. مەن بۇ لېنتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قىزىم ئەقىدەم كېچىلەپ ئېنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

—— رابىيە قادىرنى يەنە سوتقا ئېلىپ چىقىپ، ئامېرىكا بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىنىڭ بار، دەپ سوراق قىلىپتۇ... كېيىن ساقچىلار ئۇرۇپتۇ. رابىيە قادىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىكەن. رابىيە قادىر ئىككىنچى قەۋەتكە پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقالمايدىكەن... ئاجىزلاپ كېتىپتۇ... يېڭى كىرگەن سىياسى مەھبۇس ئاياللار بىلەن رابىيە قادىرنى ئۇچراشتۇرمايدىكەن... ئىككى نەپەر ساقچى، رابىيە قادىرنى نازارەت قىلىدىكەن دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈردۇق.

ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بېرىپ يىغلاپ يېتىشنى قارار قىلدىم. شۇ ئەسنادا مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇمدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. «كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ لىدىرى مېيكى خانىم:

—— سىلەر ئاۋۋال «كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىگە بېرىڭلار، سىلەرنى بىر كىشى كۈتۈۋالىدۇ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن كۆرۈشۈشنى شۇ كىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دېدى. تېلېفون ئارقىلىق.

يېتىپ كەلدۇق. مېنىڭ 20 ياشلىق قىزىم ئەقىدەم بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر قىز (1:2) لېز ئىسىملىك بىر قىز ئالدىمىزغا چىقتى. «كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. بىر سائەتتەك پاراڭلاشتۇق. سۆھبىتىمىز ئاساسى جەھەتتىن رابىيە قادىر ئۈستىدە بولدى. سائەت ئۈچتە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ كۈن 2003 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئىدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدىن مارك ئەپەندى ئالدىمىزغا چۈشتى. 3 – قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى.

قىزىم ئىككىمىزنى:

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ لىدىرى سۆزىن خانىم، شۇ ئىشخانىنىڭ ياردەمچىسى مارك ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدا كۈتۈۋالدى.

باش ئەلچى ئاۋۋال سۆز ئېلىپ :

ــــ رابىيە قادىر تولۇق غەلىبە قىلغان سودىگەر ئايال. مەن بېيجىڭدە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرىمدە بىرىنچى بولۇپ رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلمەن... رابىيە قادىر مېنىڭ خىزمىتىمدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، دېدى. ئارقىدىن مارك ئەپەندى سۆز ئالدى :

ــــــ رابىيە قادىرنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىمە. ئەگەر تاسادىپ بىر ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ... ئامېرىكا خەلقىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىز (ئامېرىكا) رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن ھازىرغىچە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. يەنە داۋاملىق شۇنداق ئىشلەيمىز... ئۆتكەن يىلى 12 – ئايغىچە رابىيە قادىرنىڭ مەسىلىسى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئىدى... بۇ يىل 3 – ئايدىن باشلاپ رابىيە قادىرنىڭ مەسىلىسى ئىككى دۆلەت (ئامېرىكا، جۇڭگو) ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە مەسىلىسىگە ئايلىنىپ كەتتى (دېمەك ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئىككى دۆلەت ئامېرىكا، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە مەسىلىسىگە ئايلىنىپ كەتتى، دېگەنلىك ئەمەسمۇ، بۇ؟)... يەنە داۋاملىق رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئىشلەيمىز... مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى 2003 – يىلى 4 – ئاينىڭ 25 – كۈنى جۇڭگوغا زىيارەتكە بارماقچى ئىدى... لېكىن جۇڭگودا سارس كېسىلى يامراپ كەتكەنلىكتىن، مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى جۇڭگو زىيارىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دەپ كۆرسەتتى .

مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى ئەپەندىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى بىلەن رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ نېمە ئالاقىسى بار ئىدى، دېمەك گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەندە...! ئەسلىدە جۇڭگونى زىيارەت قىلىدىغان مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى، رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىنى شەرت قىلىپ بېكىتكەن. رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىگەندىن كېيىن، جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى بىكار قىلدى، دېگەن گەپ . بىر دىپلومات كىشى، ئامېرىكىلىق بۈيۈك ئەرباب بولغان بىر كىشى ماڭا، مەندەك بىر ئاددى ئادەمگە توغرىدىن – توغرا سۆزلەپ بەرمەيدۇ، دە!

رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى ئىككى دۆلەت ــ ئامېرىكا، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە مەسىلىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىش يالغۇز رابىيە قادىرنىڭلا سىياسى ئىشى بولۇپ قالماستىن بەلكى، ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسى ئىشى بولۇپ قالىدۇ...

رەھبەرلەر بىزنى ئۇزۇتۇپ قويدى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتۇق .

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ كادىرى لېز خانىم:

ـــ 8 – چىسلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى جۇڭگو كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدۇق. ئاڭغىچە مەن سىلەر بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن، دېدى.

شۇ ۋەجىدىن شەنبە – يەكشەنبە ئىككى كۈن ۋاشىنگتوندا تۇرۇپ قالدىم.

لېز خانىم ۋە مەن قىزىم ئەقدەم بىللە 8 – كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگو كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىشخانا ئەزالىرى بىزنى ئوچۇق – يورۇق، ئەستايىدىل، قىزغىن كۈتۈۋالدى. جۇڭگو كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ دېرىكتورى ئەپەندى رابىيە قادىرنىڭ

كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ ئاخىرىدا: پرېزىدېنت ئەپەندى بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ موسكۋادا ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن، رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. نېمە ئىش بولدى، يەنە نېمە ئۆزگىرىش بولدى، بىلەلمىدۇق، دېدى.

پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ موسكۋادا ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن، دېگەن سۆز : روسىيىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادېمىر پۇتىن، پېتىربورگ شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 300 يىللىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئەللەر دۆلەت باشلىقلىرىنى خاتىرلەش مۇراسىمىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى مۇراسىمغا ئەلۋەتتە يېتىپ باراتتى. بۈگۈن 5 – ئاينىڭ 26 – كۈنى بولۇشى كېرەك ئىدى. پرېزىدېنت بوش ئەپەندى موسكۋادا جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، سەككىز دۆلەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن فرانسىيىگە ئۇچۇپ كەتتى.

بۇ قېتىم مېنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، مەيلى ئامېرىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بولسۇن ياكى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان جۇڭگو كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىدا بولسۇن، مېنى ئاجايىپ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. بۇ كىشىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپىنىڭ دەرىجىسىگە باراۋەر ئىدى. ھاياجانلاندىم... ھەيران قالدىم... رابىيە قادىرنىڭ ئەمدى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇشىغا ئىشەندىم.

ئوكلوخوما شتاتى مەن تۇرۇۋاتقان شانى شەھىرىگە قايتىپ كەلدىم. 6 – ئاينىڭ 14 – كۈنى بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسىنىڭ تور بېتى ئارقىلىق ۋاشىنگتونغا، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى»

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا، رابىيە قادىرنىڭ سالامەتلىكى ياخشى، ئەنسىرىمە دەپ يوللىغان خېتىدىن خەۋەر تاپتىم .
6 – ئاينىڭ 21 – كۈنى رادىئودىن ئاڭلىغان خەۋىرىمگە ئاساسلانسام، ئامېرىكىدا 100 نەپەردىن ئارتۇق تارىخشۇناس، سىياسىئون، ئالىملار خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا توپلىنىپ مەخسۇس ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يىغىن ئاچتى. ئۇيغۇرلار، دېدى ئالىملار: دۇنيادا مەدەنىيەتلىك تۆت مىللەتنىڭ بىرى، 10 مىليون ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايلار بۇنداق بوزەك قىلىدىغان بولسا خەلقئارا جەمئىيەت ئارىلاشماي قالمايدۇ، رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىش كېرەك، دېيىشتى.
6 – ئاينىڭ 26 – كۈنى ئەمگەك، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك ئىشلىرى بويىچە ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كېرەينېر ئەپەندى «ئەركىن ئاسىيارادىئوسى»نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە نۇتۇق سۆزلەپ: رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى 12 – ئايدا، بۇ يىل 3 – ئايدا كىشىلىك ھوقۇق بويىچە ئىككى دۆلەت (ئامېرىكا، جۇڭگو) ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنى ئىجرا قىلىشى كېرەك... جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى يېقىندا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشىگە ئىشىنىمەن... دەپ كۆرسەتتى .
7 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېرتاج ئەپەندى، خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن، خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى دېگەننى چاقىرىپ كېلىپ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە جىددى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ: جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئوساللاشتى، جىددى كۆڭۈل بۆلىمىز، دەپ كۆرسەتتى. مېنىڭ گۇمانخور كاللام بۇ ئىش رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ، ھۆكۈم چىقاردى.

ئارقىدىنلا خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دەي گىڭ گو ۋاشىنگتونغا مەخپىي قاتىراپ كېلىپ، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېر تاجىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى .
7 – ئاينىڭ 14 – كۈنى شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەپەندى، دۆلەت مەجلىسگە دوكلاد بەرگەندە، جۇڭگونىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورناتتىڭلار، دەپ سوئال قويۇلغاندا، دەندى شېرىيۋېر ئەپەندى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى پات ئارىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە قوشۇلدى، دەپ كۆرسەتتى .
خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دەي گىڭ گو ۋاشىنگتوندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، خىتاينىڭ تەيۋەن ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىككى نەپەر ئەمەلدارى چېن يۈن لىن، جو مىڭ ۋېي قاتارلىقلار ۋاشىنگتونغا يەنە مەخپىي قاتىراپ كەلدى.
2 – ئاينىڭ 22 – كۈنى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەمېرتاج، خىتاينىڭ ئىككى نەپەر ئەمەلدارىنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، 7 – ئاينىڭ 22 – كۈنى كولىن پوۋېل «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتى 10 يىلدىن بېرىكى، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى... نېمىلا بولسا، ئامېرىكا جۇڭگوغا بىر مۇكەممەل پىلان تەييارلاپ بەردى، دەپ كۆرسەتتى .
7 – ئاينىڭ 24 – كۈنى شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئەپەندى «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە نۇتۇق سۆزلىگەندە: رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، دەپ يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى .
خوش مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى رادىئوغا شۇنداق سۆزلىدى، شۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابلىرى، ۋاشىنگتونغا مەخپىي ئەۋەتىلگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ئاخىر ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى لى جياشىڭ نى قوبۇل قىلىپ بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، 9 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سەنەتورلارنىڭ يەنى كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى رىچارد لوگېر ئەپەندى، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا كېڭەش پالاتاسىدا قانۇن لايىھە ئۆتتۈرۈشكە قويدى...

سىدىقنىڭ يۈرىكى زىلزىلىگە كەلدى... جاھان زىلزىلىگە كەلدى.. بىچارە ئۇيغۇر! بىچارە رابىيە . بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار نېمە دەپ، ئويلىشىڭلار مۇمكىن؟ ئىنساننىڭ بېشىغا دەرد – ئەلەم كەلمىگىچە، ئىنسان دەرد – ئەلەمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، دەرد – ئەلەم ئېرىگەندە بېشىغا كەلمىگەنلەر خۇشاللىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

**رابىيە قادىر**

2003 – يىلى 10 – ئاينىڭ 4 – كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى 3 – كۈنى چۈشتىن كېيىن، قارشى ئاۋازسىز قانۇن لايىھە ماقۇللاپ، ئۇيغۇرىستانلىق باي، ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنى خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال، شەرتسىز قويۇپ بېرىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

قانۇن لايىھەسىدە: پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى ئۇنى (رابىيە قادىرنى) خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، ھەمدە تايلاندنىڭ باندۇڭ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا – تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنىدا، پرېزىدېنت بۇش ئەپەندى. جۇڭگونىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ بىلەن كۆرۈشكەندە ئوخشاش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى.

رابىيە قادىر 1999 – يىلى 8 – ئايدا ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھرىگە تەكشۈرۈشكە يېتىپ بارغان ئەمەلدارلىرى بىلەن شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە كۆرۈشمەكچى بولغاندا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك (قورچاق) ئورتا خەلق سود مەھكىمىسى 2000 – يىلى 3 – ئاينىڭ 11 – كۈنى «دۆلەتنىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلمىدى»، «دۆلەت سىرتىدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەرگە ماتېرىيال يوللاپ بەردى» دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، رابىيە قادىرغا مۇددەتلىك سەككىز يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. رابىيە قادىر گېزىتلەردىن كېسىپ، قىرقىپ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئېرى سىدىقھاجى روزىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. سىدىقھاجى روزى ئەسلى «شىنجاڭ» ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئوقۇتقۇچىسى، ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن سىياسى پائالىيەتچى ئىدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

قانۇن لايىھىسىدە: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرغا سەككىز يىللىق قاماق جازاسى بەرگەنلىكى ئەيىپلەندى ھەمدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئەمگەك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى لورىن كىرەينېر ئەپەندى، ئۇيغۇرىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىگە زىيارەتكە كېلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ كۆرۈشتۈرۈشنى رەت قىلدى، لورىن كىرەينېر ئەپەندى ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۆت نەپەر پەرزەنتىنى نەزەربەنت قىلدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

قانۇن لايىھىسى: 9 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى رىچارد لوگېر، سەنەتور جۆسىپ بايدىن قاتارلىق بىرقانچە نەپەر سەنەتورلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

قانۇن لايىھە 10 – ئاينىڭ 3 – كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا قارشى ئاۋازسىز ماقۇللانغان، كېيىن قىسقارتىپ خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 2003 – يىلى 10 – ئاينىڭ 4 – كۈنى «دۇنيا گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغىنى بويىچە تەرجىمە قىلىپ ئۇشبۇ كىتابقا تەييارلىدىم.

**تىبەت**

2003 – يىلى 10 – ئاينىڭ 30 – كۈنى

يەتتە نەپەر گۇدەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 33 نەپەر تىبەتلىك ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ نېپال ئارقىلىق ھىندىستانغا، دالاي لامانىڭ قېشىغا بارماقچى بولغاندا نېپال دائىرلىرى بۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

دالاي لاما 31 – كۈنى ياپونىيىگە 12 كۈنلۈك زىيارەتكە يۈرۈپ كەتتى. ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان تىبەتكە ياردەم بېرىش كومىتېتى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ دالاي لامانىڭ ياپونىيىنى زىيارەت قىلىشىنى قارشى ئالدى. دالاي لاما ياپونىيىدە بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى سۆھبىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، دىندىن ھالقىغان پائالىيەت تەشكىللىمەكچى بولدى.

**پرېزىدېنت چېن شۈي بيەن**

2003 – يىلى 10 – ئاينىڭ 31 – كۈنى

دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىپ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى ئېلىشىنىڭ ھارپىسىدا 30 – كۈنى 416 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، پرېزىدېنت چېن شۈي

بيەنىنىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا قارار لايىھە ماقۇللاندى .

دۆلەت مەجلىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى 31 – كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەربىي ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ نيورىك شەھرىگە بېرىپ چىن شۈي بيەننى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئومۇمى يىغىنى 29 – كۈندىن باشلاپ پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىغان.

دۆلەت مەجلىسى تەيۋەن كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى ۋېكېل ئەپەندى: قارار لايىھىسىدە تەيۋەننىڭ ئاسىيادا ئامېرىكا بىلەن تەيۋەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى، دەپ كۆرسىتىلدى. قارار لايىھىسىدە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنى داغدۇغۇلۇق قارشى ئالىدۇ، دەپ بىلدۈرۈلدى.

قارار لايىھىسىدە: پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ تەيۋەن خەلقىگە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنى ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ تەيۋەننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى تەلەپ قىلىندى. قارار لايىھىسىدە: پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ 31 – كۈنى «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى تەبرىكلەندى.

**پرېزىدېنت چىن شۈي بيەن**

2003 – يىلى 11 – ئاينىڭ 1 – كۈنى

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چىن شۈي بيەن نيورىك شەھرىدە ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانىدا 31 – چىسلا كەچتە «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ

رەئىسى تام لەنتوس ئەپەندى ۋە «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىنتىپاقى» جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى كېن خانىم قاتارلىقلار سەھنىگە چىقىپ پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننى تەبرىكلىدى. كەينىدىنلا پرېزىدېنت چىن شۈي بيەن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن 10 مىنۇت ۋاقىت 30 مىنۇتقا ئۇزارتىپ بېرىلدى. پرېزىدېنت چىن شۈي بيەن :

—— يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش – دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى غەلىبە قىلالامدۇ، قىلالامدۇ، دېگەن مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك، ئومۇمى خەلق بىلەت تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەيۋەن خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇستەقىللىق ياكى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى .

مېھمانخانىنىڭ سىرتىغا جۇڭگودىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئوقۇغۇچىلار توپلىنىپ: چىن شۈي بيەن ۋەتەن ساتتى دەپ، توۋلاشتى. زالنىڭ ئىچىدە مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، پرېزىدېنت چىن شۈي بيەننىڭ ئامېرىكىغا كەلگەنلىكىنى، مۇكاپات ئالغانلىقنى چاۋاك چېلىپ تەبرىكلەشتى .

تەيۋەننىڭ پرېزىدېنت مەھكىمىسى چىن شۈي بيەن سۆزلەيدىغان نۇتۇقنىڭ مەزمۇننى بېكىتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەندە تۇرۇشلۇق جەمئىيىتى كۆرۈپ چىقتى دەپ، خەۋەر قىلدى، گېزىتلەر. ئۇنىڭدىن كېيىن چىن شۈي بيەن سۆزلەيدىغان نۇتۇقنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى كۆرۈپ چىقىپ قارشى پىكىر بولمىغاندىن كېيىن چىن شۈي بيەننىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىندى.

پرېزىدېنت چىن شۈي بيەن: ھازىرقى ئاساسىي قانۇن، تەيۋەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، تەيۋەندە تارىخى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان مەندەك بىر رەھبەرنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە نىسبەتەن ئېنىق نىشانى بولۇشى كېرەك. تەيۋەندە پۇقرالار ئېڭى، ئەقلى مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق ئۆزۈن مۇددەتلىك ئەمىنلىكنى

كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسى قانۇنىڭ ھولى بولۇپ قېلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى .

**چيەن چىچېن**

2003 – يىلى 11 – ئاينىڭ 6 – كۈنى

سابىق پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ (ھازىرقى پرېزىدېنت بوشنىڭ دادىسى) چاقىرىقى بويىچە بىر مەيدان، جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتى مۇھاكىمە يىغىنى 11 – ئاينىڭ 5 – كۈنى تېكساس شتاتىنىڭ دېھقانچىلىق سانائىتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا سابىق پرېزىدېنت بوش ئەپەندىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چەن چىچېن زور بىر تۈركۈم ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى قاتارلىق ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسى ئەربابلىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ـــ ئىككى دۆلەت ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بېرىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرىۋاتقان مۇناسىۋەت، دەپ باھا بېرىلدى.
جۇڭگو سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چەن چىچېن باشلاپ كەلگەن 40 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىچىدە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شتاپ باشلىقى شيوگۋاڭ كەي، دىڭ شياۋ پىڭنىڭ قىزى دىڭ نەن، تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ماشيو خۇڭ قاتارلىق كىشىلەردىن باشقا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى ۋىن ۋىن خاۋ، قاتالرىق كىشىلەر بار ئىدى.
سابىق پرېزىدېنت بوش ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارغا، ئامېرىكىلىق ئالىملارغا ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلىگەندە: ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋىتى، دەپ تەرىپلىدى.

جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھېچقاچان ھازىرقىدەك ياخشى بولۇپ باققان ئەمەس، دەپ تەرىپلىدى.
دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پوۋېل ئەپەندى يىغىنغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلىگەندە: پرېزىدېنت بوش ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە قاراتقان سىياسىتىنى تەپسىلى بايان قىلىپ، تەيۋەن مەسىلىسى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، تېررورىزىمغا قارشى تۇتۇش جەھەتلەردە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ساقلاندى ۋە ئورتاقلىق قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر تۈر، بىر تۈر بويىچە سۆزلىشىش، سۆزلەشكەن مەسىلىلەر بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىش، ھەرىسىل پىلانىنى بىر – بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ھازىر ــــ ئېچىۋېتىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇش تەرىپىگە قاراپ يۈزلەندى، دەپ كۆرسەتتى .
چەن چېچىن سۆزلىگەندە، ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تەپسىلى توختۇلۇپ ئۆتتى .
تەيۋەن مەسىلىسى توغرىسىدا توختالغاندا چەن چېچىن چۈشتىن بۇرۇنقى يىغىندا، تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار مەسلىھەتچىسى سكا كېلى ئەپەندى چۈشتىن كېيىنكى يىغىندا: چەن چېچىن تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ، كۆرسەتتى. مەن دەيمەنكى، تەيۋەن مەسىلىسى ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭمۇ ئىچكى ئىشى دەپ، كۆرسەتتى. بۇ بىر كۈنلۈك يىغىندا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆزنىڭ پىكرىنى بىۋاستە ئىپادىلىشى بولۇپ ھېسابلاندى.
سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى بىككېر ئەپەندى: تارىخى مۇقەررەرلىك ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ قويدى، دەپ كۆرسەتتى .

www.uyghurbahari.com

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari